4 ـ قىسىم

# قۇرئان

## قۇرئاننىڭ كىتاپ بولۇپ تۈزىلىش جەريانى

● مۇھەممەت 40 ياش ۋاقتلىرىدا (مىلادى 610-يىللىرى) خىيالچان بولۇپ قالغان بولۇپ، دائىم يالغۇز يۈرۈپ خىيال سۈرەتتى. بىر قېتىم ئۇ مەككىگە 5 كىلومىتىر كېلىدىغان ھىرا تېغىنىڭ ئۈستىدىكى بىر غاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقاندا تۇنجى قېتىملىق ۋەھىنى قوبۇل قىلىدۇ. غارنىڭ ئىچىدە نامەلۇم بىر روھ ئۇنى 3 قېتىم قاتتىق سىلكىپ، تىنىنى 3 قېتىم چىڭ بوغۇپ قويىۋېتىدۇ، ھەمدە بىر پارچە شايىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ ئوقۇشنى بۇيرۇيدۇ. مۇھەممەت 3 قېتىم «مەن قانداق ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاپ قايتۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت ئىنتايىن قورقۇپ كىتىدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى تەسىراتى ئۆزىگە جىن چاپلىشىۋېلىپ قىيىنغاندەك ھىسسىياتتا بولىدۇ. كېيىن مۇھەممەت مەككىدە كېتىۋاتقاندا ھېلىقى روھ ئاسماندا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەرىشتە جەبرائىل بولىمەن، سەن بولساڭ ئاللانىڭ پەيغەمبىرى بولىسەن». ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەت بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ ۋە قورققىنىدىن ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى خەدىچە بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدۇ. ئاخىرىدا مۇھەممەت ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەككىنىڭ كوچا ۋە بازارلىرىغا چىقىپ دىن تارقىتىشقا باشلايدۇ. (ھەدىس بۇخارى 1:1:3 ، 4:55:605 ، 4:56:747 ، 6:60:478 ، 9:87:111 )

● مۇسۇلمانلار قۇرئاندا خۇدانىڭ ئىنسانلارغا چۈشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى ۋەھىسى بار دەپ قارايدۇ. قۇرئان 22 يىل جەريانىدا ( مىلادى 610-632) مەككە ۋە مەدىنەدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى ۋەھيلەرنىڭ توپلىمى بولۇپ، ئۆزىنى جەبرائىل دەپ ئاتىغان ھېلىقى روھ بۇ ۋەھىلەرنى مۇھەممەتكە ئاغزاكى ھالدا جۈملىمۇ-جۈملە يەتكۈزىدۇ. مۇھەممەت بولسا ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلالمايدىغان بىھوش ھالەتتە، خۇددى بىر ئاۋاز يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىسىگە ئوخشاش، ئۇ ئايەتلەرنى ئىنتايىن تېز ۋە تەرتىپسىز ھالدا ئاغزىدىن چىقىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنى خاتىرلەپ، يوپۇرماق، قوۋزاق، تېرە، سۆڭەك، تاش ۋە سامان قەغەزلەرگە يېزىۋالىدۇ، بەزىلىرىنى يادقا ئېلىۋالىدۇ.

● مۇھەممەت جەبرائىلنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىپ ئۆزىگە قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان يىلى ئىككى قېتىم قىرائەت قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:56:819 ، 8:74:301)

● بۇخارى ھەدىسلىرىدە خاتىرلەنگەن «جەبرائىل» توغرىسىدىكى بايانلار:

○ مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئۇنى شەيتان دەپ ئاتايدۇ. (ھەدىس بۇخارى 2:21:225)

○ مۇھەممەت ئۇنى «روھىلقۇددۇس» دەپ ئاتايدۇ. (ھەدىس بۇخارى 8:73:173)

○ ئائىشە ئۇنى كۆرەلمەيتى. (ھەدىس بۇخارى 4:54:440)

○ ئۇ ئىت ۋە رەسىم بار ئۆيگە كىرەلمەيدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:54:448،450 ، 7:72:843)

○ ئۇ مۇنداق دىگەن: ئەر ئايالالار جىنسى مۇناسىۋەت قىلغاندىن كىيىن، ئەگەر ئەر كىشى باشتا بولدۇرۇۋەتسە، تۇغۇلغان بالا دادىسىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئايال كىشى باشتا بولدۇرۇۋەتسە، تۇغۇلغان بالا ئاپىسىغا ئوخشايدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:55:546)

○ ئۇممۇ سەلىمە ئىسملىك بىر ئايال ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى مۇھەممەتنىڭ دىھىيا ئىسملىك بىر دوستىغا ئوخشىتىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:56:827)

○ ئۇ مۇھەممەتنى بەنى قۇرەزا يەھۇدىلىرىغا ھوجۇم قىلىشقا بويرۇپ، نەچچە مىڭلىغان ئايالالار ۋە باللارنى ئەسىر ئېلىپ، 600-900 گىچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە سەۋەپچى بولىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 4:52:68 ، 5:59:448)

● مۇھەممەت ھايات ۋاقتىدا، قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى پارچە-پۇرات ھالدا ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇپ، تېخى تۈپلىنىپ كىتاب بولمىغان ئىدى. مۇھەممەتمۇ ئۇلارنى يىغىپ كىتاب قىلىشنى بۇيرۇمىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كىيىن ئاندىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ پارچە-پۇرات ئايەتلەرنى يىغىشقا باشلايدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاغزاكى تارقالغان ئايەتلەرمۇ بار ئىدى.

● قۇرئاندىكى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ ۋەھى قىلىنغان ۋاقىت تەرتىپى بۇيىچە رەتلەنمىگەن.

○ بىرىنچى قېتىم كەلگەن ۋەھى: قۇرئان 96-سۈرە 1-5 ئايەتلەر.

○ ئىككىنچى قېتىم كەلگەن ۋەھى: قۇرئان 74-سۈرە 1-10 ئايەتلەر.

## قۇرئاننىڭ كىتاب بولۇپ تۈزۈلۈش تارىخى

● قۇرئاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەسلى نوسخىسى ھازىر مەۋجۇد ئەمەس.

● مۇھەممەت ھايات ۋاقتىدا بىر پۈتۈن قۇرئان كىتاپىنى مەيدانغا كەلتۈرمىگەن.

● مۇھەممەت ئۆلگەندىن كىيىن، خەلىپە ئابابەكرى (مىلادى 632-634) كىشىلەر ساقلاۋاتقان بىر قىسىم قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ پەرقلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قۇرئان ئايەتلىرىنى يادلىۋالغان نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ مىلادى 634-يىلىدىكى يەمەن

ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئەنسىرەشكە باشلايدۇ، شۇڭا پەرمان چۈشۈرۈپ قۇرئان ئايەتلىرىنى يىغىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئىشقا مۇھەممەتنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كاتىپى زەئىد بىن سابىت مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ساھابىلەر ئارىسىدا چېچىلىپ يۈرگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى توپلايدۇ ۋە ئۇنى تۈپلەپ كىتاپ قىلىپ خەلىپە ئابابەكرى بىلەن مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى بولغان ھەفسەگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 6:61:509)

- بۇنىڭدىن سىرت شۇ ۋاقىتتا قۇرئاننىڭ يەنە باشقا نۇسخىلىرىمۇ بار ئىدى، مەسىلەن: ئۇبەي بىن كائاب، مەسئۇد، ئەلى ئىبىن ئەبۇتالىپ قاتارلىقلارنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق بار بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدە تالاش-تارتىش كېلىپ چىققان ئىدى. (ھەدىس بۇخارى 5:57:85،105 ، 6:61:509،510)

- خەلىپە ئۆمەرنىڭ ۋاقتىدا (مىلادى 632-634)، ئۇ ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قۇرئان ئايەتلىرىنى داۋاملىق يىغدۇ.

- خەلىپە ئوسماننىڭ ۋاقتىدا (مىلادى 644-656)، قۇرئاننى يادلىيالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ھەرقايسى جايلاردا قۇرئاننىڭ ئوقۇلىشى ۋە چۈشەندۈرۈلىشى توغرىسىدا ئىختىلاپ كۆرىلىدۇ. مەسىلەن:

  - ئەل تەبەرىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا قۇرئاننىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرى ئارىسىدىكى پەرق سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار ئىچىدە زىددىيەت كۆرۈلگەن. خۇزايفا ئوسمانغا مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار ئەرمەنىيەگە ھوجۇم قىلغاندا، قوشۇن ئىچىدىكى ئىراقلىقلار قۇرئاننىڭ مەسئۇدى نۇسخىسىنى ئىشلىتىدۇ، سۈرىيەلىكلەر ئۇبەي كائاب نۇسخىسىنى ئىشلىتىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، مۇسۇلمانلار ئىچىدە چوڭ پارچىلىنىش يۈز بېرىدۇ.

- شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئوسمان پەرمان قىلىپ، زەئىد بىن سابىتنى قۇرەيش قەبىلىسىگە تەۋە ئۈچ ئادەم (ئابدوللا زۇبەر، ئابدۇللا خالىس بىن ھىسام، سەئىد ئەل ئاس) بىلەن بىرلىكتە قۇرئان ئايەتلىرىنى قايتا يىغىپ تۈپلەشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار قۇرئاننىڭ ھەفسە نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ، باشقا نۇسخىلىرىدىن قوشۇمچە پايدىلىنىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى قايتا توپلايدۇ، ھەمدە سېلىشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق، ئاخىرى مىلادى 651-يىلى خەلىپە ئوسمان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قۇرئان نۇسخىسىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار:

  - قۇرئاندىكى بارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلارنى بېكىتىدۇ. (سوزۇق تاۋۇشلار تېخى يوق ئىدى)

○ ھەرقايسى بابلار (سۈرىلەر) نىڭ تەرتىپىنى ۋە ئىچكى بۆلەكلىرىنى بېكىتتىدۇ.

○ بۇ قولىيازما نوسخىسىنى بىرقانچە قېلىپ كۆپەيتىدۇ. ئەسلى نوسخىسىنى مەدىنىدە ساقلاپ قېلىپ، كۆپەيتمە نوسخىلىرىنى دەمەشىق، بەسرە ۋە كۇفا قاتارلىق شەھەرلەرگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

● خەلىپە ئوسمان پەرمان چىقىرىپ، قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى بارلىق قولىيازما نوسخىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ (ھەدىس بۇخارى 6:61:510) ، ئەمما قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. خەلىپە ئوسمان ئۆلگەندىن كېيىن، مەدىنەنىڭ ھاكىمى مەرۋان مۇھەممەتنىڭ خوتونى ھەفسەدىن خەلىپە ئابابەكرى دەۋرىدە رەتلەنگەن قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى نوسخىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى سورايدۇ، ھەفسە ئۇنىمايدۇ. ھەفسە ئۆلگەندىن كېيىن، مەرۋان دەرھال ھەفسەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى نوسخىسىنى تارتىپ ئېلىپ يىرتىپ تاشلىۋېتىدۇ.

● شۇنىڭ بىلەن قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى نوسخىلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلىدۇ. ئوسمانى قۇرئان ئۆزىگە ئۆزى گۇۋاھلىق بەرگەندىن سىرت ھېچقانداق باشقا قوشۇمچە دەلىل ئىسپات قالمايدۇ.

● مىلادى 685 ـ 705 يىللىرى ئابدۇللا مەلىك قۇرئاننىڭ قولىيازما نوسخىسىغا سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنى ۋە تىنىش بەلگىلەرنى قوشىدۇ، ئەمما يەنىلا قۇرئاننىڭ نەچچە خىل ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

## قۇرئان توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

● مۇھەممەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قۇرئاننى قىرائەت قىلىپ يادلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (قۇرئان 73:4)

● قۇرئان جەمئى 30 جىلد، 114 سۈرە، 6236 ئايەتتىن تەشكىل تاپقان.

● قۇرئان بىلەن ھەدىس مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم كىتاپلاردۇر.

● بۇرۇن ئەگەر بىرەر ئادەم ئەرەپچە قۇرئاننى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلسا، قاتتىق قارشىلىق ۋە ئەيىپلەشكە ئۇچرايتى. چۈنكى ئەنئەنىۋى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ قارىشىچە، بۇنداق پاساھەتلىك كىتاپنى قانداقمۇ خالىغانچە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلغىلى ۋە توغرا يەتكۈزگىلى بولسۇن؟ ئۇلار تەرجىمە نوسخا قۇرئاننىڭ ئەسلى مەنىسىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ، ئۇنىڭ پاساھەتلىكنى ئىپادىلەپ

بىرەلمەيدۇ دەپ ئەنسىرەيتى. ئەمما كېيىن، ئەرەپچە بىلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، قۇرئاننى تەرجىمە قىلمىسا ئۇنى كەڭ تارقاتقىلى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ھىس قىلىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىفە قاتارلىق بىر قىسىم كىشىلەر بۇ چەكلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. (لىن سوڭ «قۇرئاننىڭ قاپىيەلىك تەرجىمىسى» نىڭ كىيىنكى بايانى)

● خېلى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە، ۋەھىلەرگە بولغان ھۆرمەت سەۋەبىدىن، قۇرئاننى چۈشەندۈرۈش ياكى تەنقىدى يوسۇندا تەھلىل قىلىش مەنئى قىلىنغان ئىدى. ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئاللانىڭ سۆزىنىڭ تىگى تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشى ياكى باھالاپ ھۆكۈم قىلىشىغا بولمايتى. پەقەت پاسسىپ ھالدا ئۇلارنى قوبۇل قىلىش ۋە بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ھەدىسلەردە، ئاللادىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تايىنىپ قۇرئاندىكى مەنىسى مۈجمەل بولغان جايلارنى چۈشەندۈرۈش ياكى ئۇنى يېڭى ئەھۋاللارغا تەدبىقلاش ھوقوقى يوق دىيىلگەن. ئىسلامىيەتتە ئەركىن ئىدىيە ۋە تەپەككۇر چەكلىنەتتى.

● ھازىرقى مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى قولىيازما نوسخىلىرىنى تېخى ئۇچۇق ئاشكارا ئېلان قىلىپ باققىنى يوق. ئىسلامىيەت قۇرئاننىڭ تارىخى ئاساسى ۋە ھەرقايسى قولىيازمىلارنى ئوبىكتىپ جەھەتتىن ئۇچۇق-ئاشكار ھالدا تەتقىق قىلىش، ئانالىز قىلىش، شۇنداقلا ئىلمى جەھەتتىكى گۇمان ۋە تەنقىدى قاراشلارنى ئوتتۇرغا قويۇشنى قوللىمايدۇ، ھەتتا ئۇنى چەكلەيدۇ.

● ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان ۋە جەمىيەتكە ئاشكارلانغان ئەڭ قەدىمقى قۇرئان قولىيازما نوسخىسىنىڭ ۋاقتى ( 393 AH ) مىلادى 1003-يىلىغا توغرا كىلىدۇ.

(http://www.usna.edu/Users/humss/bwheeler/quran/kufi_393.html)

**قۇرئاننىڭ بىر تال ھەرپىمۇ چۈشۈپ قالمىغان ياكى ئۆزگۈرۈپ كەتمىگەن ھالدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانمۇ؟ قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ توپلىنىش، كىتاب بولۇپ تۈزۈلىش ۋە كۆچۈرۈلىش جەريانىدا ھېچقانداق خاتالىق يۈز بەرمىگەنمۇ؟ تارىختىن بۇيان قۇرئاننىڭ پەقەت بىرلا نوسخىسى بولغانمۇ؟**

● گەرچە بۇلار ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، ئەمما قۇرئان مۇھەممەتكە ۋەھى قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر بىر تال ھەرىپ ۋە چېكىتىمۇ ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بىرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەرپ ياكى چېكىتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش-ئۆزگەرمەسلىكى بىلەن ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەن-كەلمىگەنلىكى پۈتۈنلەي ئىككى ئىش.

● قۇرئاننىڭ تارىختىن بۇيان پەقەت بىرلا نۇسخىسى بولغان ئەمەس، بۈگۈنكى دەۋردە كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلار ئىشلىتىۋاتقان قۇرئان نۇسخىسى ئەمەلىيەتتە 1924-يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھرىدە نەشىر قىلىنغان قۇرئان نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخا مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرغىچە جەمىيەتكە ئاشكارلىيالىغان بىردىنبىر قەدىمقى قۇرئان نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈپ نەشىر قىلىنغان. ئەمما بۇ نۇسخا ئەڭ دەسلەپكى قۇرئان نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى مۇھەممەتتىن نەچچە يۈز يىل كېيىن يېزىلغان قولىيازما نۇسخىدۇر. مۇھەممەت ئالەمدىن ئۆتكەندە بىر پۈتۈن قۇرئان كىتاپ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. دەسلەپكى مۇسۇلمانلار يازغان تۈرلۈك خاتىرىلەردە (مەسىلەن ھەدىس ۋە تارىخنامە قاتارلىقلاردا) ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىشىلەر قۇرئان ئايەتلىرىنى توپلاپ رەتلەش جەريانىدا ھەرخىل ئوخشىمىغان پىكىرلەر بولغان، بەزى سۈرە-ئايەتلەر يوقۇلۇپ كەتكەن، ئۆزگەرتىلگەن، ھەتتا توپلانغان ئايەتلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ئوخشىمىغان نۇسخىلار ۋە پەرقلەر مەۋجۇد بولغان.

● مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ يەكۈنى:

○ «ئىسمايىل ئىبنى ئىبراھىم، ئايۇب ۋە نافىر قاتارلىقلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىدە، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دىگەن: 〈ھېچكىم مىنى پۈتۈن قۇرئانغا تولۇق ئېرىشتىڭ دىيەلمەيدۇ.〉 قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار چېچىلىپ يوقاپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ پۈتۈن بىر قۇرئاننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟ شۇڭا ئۇ، مەن قۇرئاننىڭ ساقلىنىپ قالغان بارلىق سۈرە-ئايەتلىرىگە ئېرىشتىم، دىيىشى كېرەك ئىدى.»

(قاسىم ئىبنى سالام، ھىجرىيە 222-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، «Fadhail al-Quran» ، 2-جىلد، 135-بەت)

○ «ئۇلار تېخى يېزىلىپ قالدۇرۇلمىغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئابابەكرى، ئۆمەر ياكى ئوسمانلارمۇ ئۇ ئايەتلەرنى تېخى يىغمىغان ئىدى، ئۇلاردىن كېيىنكىلەردە ھەتتا بىرسىدىمۇ قۇرئان يوق ئىدى.»

(داۋۇت، «كىتابۇل مەسھەف» ، 23-بەت)

○ مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى بولغان ئائىشەنىڭ دىيىشىچە، قۇرئاننىڭ 33-جىلتىدا ئەسلى 200 ئايەت بار بولۇپ، كېيىن پەقەت 73 ئايەت ساقلىنىپ قالغان.

○ دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ يازمىلىرىدا، مۇھەممەتكە ئەگىشىپ يۈرگەن ساھابىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قۇرئاندا ئەسلى زىنا قىلغانلارنى چالما-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش توغرىسىكى مەزمۇنلار بار ئىدى، ئەمما بۇ ئايەتلەر كېيىن يوقاپ

كەتكەن.

○ ئابدۇللا ئىبىن مەسئۇد نوسخىسىدىكى قۇرئاندا 111 سۈرە، ئۇبەي ئىبىن كائاب نوسخىسىدىكى قۇرئاندا 116 سۈرە بار ئىدى. ھازىرقى قۇرئاندا بولسا 114 سۈرە بار.

● بۇخارى ھەدىسلىرىدە مۇنداق خاتىرلەنگەن، قۇرئان ۋەھى قىلىنغاندىن باشلاپ تاكى خەلىپە ئوسمان مىلادى 651-يىلى قۇرئاننىڭ ئۆلچەملىك نوسخىسىنى بىكىتكىچە بولغان ئارلىقتا، قۇرئاننىڭ بەزى مەزمۇنلىرى ئۇنتۇلغان، ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بىكار قىلىنغان، ھەتتا نەچچە خىل ئوخشىمايدىغان قورئان نوسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. كيىن ئوسمان ئۆزى بىكىتكەن نوسخىدىن باشقا بارلىق قۇرئان نوسخىلىرىنى ۋە تارىخى ماتىرىياللارنىڭ ھەممىنى كۆيدۇرۇپ يوقىتىۋەتكەن.

○ مۇھەممەت قۇرئاننىڭ مەلۇم سۈرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئۇنتۇپ قالغان ئەھۋال بولغان. (ھەدىس بۇخارى 3:2655)

○ قۇرئاندىكى بىر ئايەت ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. (ھەدىس بۇخارى 4:52:57،69)

○ قۇرئان ھەرقايسى ئوخشىمىغان قولىيازما نوسخىلاردىن قايتا رەتلەنگەندە، بىر ئايەت كەم بولۇپ قالغان. (ھەدىس بۇخارى 4:52:62 ، 5:59:379)

○ بىكار قىلىنغان قۇرئان ئايەتلىرى مەۋجۇد. (ھەدىس بۇخارى 4:52:299)

○ مۇھەممەت قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان. (ھەدىس بۇخارى 6:61:556،558،562)

○ ئائىشە قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ توغرا تەرتىپى بۇيىچە ئاغزاكى بايان قىلىپ، قايسى ئايەتلەرنىڭ قايسى ئايەتلەرنى بىكار قىلغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرەتتى. (ھەدىس بۇخارى 6:61:515)

○ خۇزەيفا شاملىقلار بىلەن ئىراقلىقلارنىڭ قۇرئاننى قىرائەت قىلغان چاغدىكى پەرقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە ئوسمان مۇھەممەتنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى بولغان ھەفسەگە ئۇچۇر ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا، قۇرئاننىڭ بۇرۇنقى قولىيازما نوسخىسىنى ئۇلارغا بىرىشنى، ئۇلار قۇرئاننىڭ ماتىرىياللىرىنى قايتا رەتلەپ مۇكەممەل بىر قۇرئان كىتاپ قىلىپ چىققاندىن كيىن، ئاندىن ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ بىرىدىغانلىقىنى ئىيتىدۇ. ھەفسە ئۇنى ئوسمانغا تاپشۇرۇپ بىرىدۇ. خەلىپە ئوسمان زەئىد ئىبىن سەئىد، ئابدۇللا ئىبىن زۇبەر، زەئىد ئىبىن ئاس ۋە ئابدۇلراخمان ئىبىن خالىس ئىبىن ھىسام قاتارلىقلارغا

قۇرئاننى قايتا رەتلەپ يېزىپ، مۇكەممەل بىر قۇرئان كىتاپ قىلىپ چىقىشنى بۇيرۇيدۇ. ئوسمان قۇرەيش قەبىلىسىگە تەۋە بولغان ئۈچ ئادەمگە، ئەگەر قۇرئاننىڭ ھەرقانداق بىر يېرىگە قارىتا ئاراڭلاردا پەرق كۆرۈلسە، ئۇنى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تىلى بويىچە يېزىڭلار، چۈنكى قۇرئان شۇلارنىڭ تىلى بىلەن ۋەھىي قىلىنغان، دەيدۇ. (يوقۇرقىلارنىڭ ئىچىدە زەئىد ئىبىن سەئىد قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەمەس ئىدى.) شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوسماننىڭ دىگىنى بويىچە ئىش ئېلىپ باردۇ. ئۇلار قۇرئاننىڭ يېڭى قوليازما نوسخىسىنى يېزىپ بولغاندىن كىيىن، ئوسمان ئەسلىدىكى قۇرئان قوليازما نوسخىسىنى ھەفسەگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئوسمان ھەر بىر ئۆلكىدىكى مۇسۇلمانلارغا قورئاننىڭ يېڭى قوليازما نوسخىسىدىن بىرنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ، ھەمدە ئۇلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بۇرۇنقى بارلىق قۇرئان قوليازما نوسخىلىرىنى (تارىخى ماتىرىياللارنى) پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ يوقاتقۇزىۋىتىدۇ. (ھەدىس بۇخارى 6:61:507،510)

○ قۇرئاندا، ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتى بىلەن ئاللانىڭ يولىدا جىھاد قىلغان مۇسۇلمانلار باراۋەر ئەمەس، دەيدىغان بىر ئايەت بار (قۇرئان 4:95). بۇ ئايەت ۋەھىي قىلىنغاندىن كىيىن بىر قارغۇ مۇھەممەتتىن سورايدۇ: «ئەي مۇھەممەت! مەن بىر قارغۇ، يوقۇرقى ئايەت بويىچە بولغاندا سىنىڭ ماڭا قارىتا قانداق ئەمرىڭ بار؟» شۇنىڭ بىلەن تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندىكى يەنە بىر ئايەت ۋەھىي قىلىنىپ بۇرۇنقى ئايەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. يەنى، مىيىپ ئەمەس تۇرۇپ ئۆيىدە خاتىرجەم ئولتۇرغان مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتى بىلەن ئاللا ئۈچۈن جىھاد قىلغان مۇسۇلمانلار باراۋەر ئەمەس. (قۇرئان 4:95) (ھەدىس بۇخارى 6:61:512)

○ مىلادى 651-يىلى خەلىپە ئوسمان قۇرئاننىڭ ئۆلچەملىك نوسخىسىنى بېكىتىش بىلەن بىرگە بۇرۇنقى بارلىق قۇرئان نوسخىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ھالبۇكى ئوسمان بېكىتكەن ئاشۇ قۇرئان نوسخىسمۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالالمىغان.

● يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارخىلوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە باشقا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى 300 يىلى ئىچىدىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولغان ئەڭ دەسلەپكى قۇرئان قوليازما نوسخىلىرى تېپىلىشقا باشلىغان. ئۇلار بىلەن ھازىرقى قۇرئاننى سېلىشتۇرغاندا، ئاز بولمىغان پەرقلەرنىڭ بارلىقى بايقالغان. مەسلەن، 1972-يىلى يەمەننىڭ سانا مەسچىتىدىن تېپىلغان ۋالىد دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان قۇرئان قوليازما نوسخىسى ۋە جوڭگونىڭ چىڭخەي ئۆلكىسى شۇنخۇا ناھىيىسى جەزى يېزىسىدىن تېپىلغان سەمەرقەنت نوسخىسىدىن كەلگەن قۇرئان

قولىيازمىسى بىلەن ھازىرقى قۇرئان ئوتتورىسىدا پەرق مەۋجۇد.

● ئەسلىدە مىڭلىغان يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قەدىمقى كىتاپلارنىڭ تارىختىن بۇيان قايتا-قايتا كۆچۈرۈلۈپ يېزىلىش جەريانىدا ئاز تولا پەرقلەرنىڭ كۆرىلىشى ئىنتايىن نورمال ئىش ئىدى. ئەمما بەزى مۇسۇلمانلار قارغۇلارچە تەرسالىق قىلىپ، قۇرئان مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ۋەھى قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر، ئۇنىڭ بىر تال ھەرىپ ياكى بىر تال چېكىتىمۇ ئۆزگەرمىگەن، ئەڭ دەسلەپكى قۇرئان بىلەن ھازىرقى قۇرئان ئوپمۇ-ئوخشاش، مانا بۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىدۇر دەپ تۇرۇۋالىدۇ (بۇ قۇرئاننىڭ بىردىنبىر ئاتالمىش مۆجىزىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا مۆجىزىسى يوق). ئۇنىدىن باشقا، قۇرئاندا ئۇنىڭ ئاسماندىكى بىر قوغدىلىدىغان تاختايغا يېزىلغانلىقىنى ئېيتىلغان (قۇرئان 85:21،22). دىمەك ئەگەر يەر يۈزىدىكى قۇرئانلاردا كىچىككىنە پەرق بايقالسىلا، قۇرئاننىڭ يوقۇرقى ئايەتتىكى باياناتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدۇ.

● ئەملىيەتتە قۇرئاندا تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى بىر قىسىم ۋەقەلىكلەر خاتىرلەنگەندىن سىرىت، يەنە قەدىمقى ئەرەپلەرنىڭ رىۋايەتلىرى، مۇقەددەس كىتاپقا ياندىش يېزىلغان بەزى قەدىمقى كىتاپلار ۋە ساختا مۇقەددەس كىتاپلاردىكى ھىكايە-چۆچەكلەر، يەھۇدى دىنىنىڭ دىنى ئەھكام كىتاپلىرى، سابىلار(يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار) نىڭ دىنى ئوقۇملىرى، زوروئاستىر دىنىنىڭ رىۋايەتلىرى قاتارلىقلارمۇ خاتىرلەنگەن. قۇرئاندىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنىڭ كىلىش مەنبىئىنى كەلېر تىسدەلنىڭ 1905-يىلى يازغان 287 بەتلىك «قۇرئاننىڭ كىلىش مەنبىئى» دىگەن كىتابىدىن كۆرىۋىلىشقا بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، مۇھەممەت ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدى، مەسىھى ۋە پارىسى دوستلىرىدىن شۇ چاغلاردا ئېقىپ يۈرگەن نۇرغۇن ھىكايە، چۆچەك، رىۋايەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئاڭلىغان. مەسىلەن:

○ بابىلۇندىكى ئىككى پەرىشتە ھارۇت ۋە مارۇت (قۇرئان 2:102). بۇلار قەدىمقى ئەرمەنلەر چوقۇنغان بۇدلار، مارۇت بولسا ھىندى دىنىدىكى شامال ئىلاھى. بۇ ھىكايە يەھۇدىلارنىڭ قەدىمى كىتابى«تالمۇد» نىڭ 44-بابىدىمۇ خاتىرلەنگەن.

○ دوزاقنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بار (قۇرئان 15:44)، يەتتە قات ئاسمان بار (قۇرئان 17:44 ، 67:3). بۇلارمۇ يەھۇدىلارنىڭ قەدىمى كىتابى خاگىگاھ (Hagigah 9:2) ۋە يەھۇدى مىستىسىزىم (غايىپنىڭ سىرلىرىنى قوغلىشىدىغان ئىلىم) غا مەنسۇپ بولغان كىتاپ «زوھا»دىن (150-بەت) كەلگەن.

○ ئاللانىڭ بىر كېچىدىلا مۇھەممەتنى مەككىدىكى كەبىدىن ئىرۇسالىمدىكى ئەل ئاقسا مەسچىتىگە ئېلىپ بېرىپ مۆجىزە كۆرسەتكەن ھىكايىسى (قۇرئان 17:1 ؛

ھەدىس بۇخارى 1:345). بۇ ھېكايىنىڭ ئەسلى شەكلىنى پارس زوروئاستىر دىنىنىڭ پەھلىۋى تىلىدا يېزىلغان قەدىمى كىتابى Arta Viraf دىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

o يەجۇج-مەجۇج ۋە سېپىل توغرىسىدىكى ھېكايە (قۇرئان 18:92،98 ، 21:96،97). بۇ ھېكايە مىلادى 521-يىلىدىن بۇرۇن يېزىلغان ئالېكساندىرنىڭ رىۋايىتى ۋە Jacob of Serugh نىڭ شېئىر داستانىدىن كەلگەن.

o جىنلار بىلەن سولايمان پادىشاھ، بابىلۇندىكى ھارۇت-مارۇت دىگەن پەرىشتىلەر، جىنلارنىڭ ئىنسانلارغا سېھىر ئۆگىتىشى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر (قۇرئان 2:102). بۇلار قەدىمقى يەھۇدىلارنىڭ ئەل ئارىسىغا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلىرىدىن تۈزۈلگەن كىتاپ «مىدراش ياقۇت» 44-بابتىكى رىۋايەتنى مەنبە قىلغان.

o ئاللا ئىسرائىللار بىلەن ئەھدە تۈزگەندە، بىر تاغنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە تىكلەپ، ئۇلارغا مەن سىلەرگە ئاتا قىلغان مۇقەددەس كىتاپقا ئەمەل قىلىڭلار دەپ بۇيرۇيدۇ. (قۇرئان 2:63،87 ، 7:171). بۇ ھېكايە يەھۇدىلارنىڭ قەدىمى كىتاپلىرى Abodah Zarah 2:2 ۋە Sabbath 88:1 قاتارلىقلاردىن كەلگەن بولۇپ، قۇرئاندا ئۇنى «تەۋرات-مىسىردىن چىقىش» (19:17 ، 32:19) دىكى ۋەقەلىك بىلەن ئارلاشتۇرۇپ قويغان.

o ئىسرائىللار مۇساغا، بىز خۇدانى كۆرمىگىچە ساڭا ئىشەنمەيمىز دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى چاقماق سوقۇپ ھوشىدىن كەتكۈزىۋىتىدۇ، ئاندىن خۇدا ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ (قۇرئان 2:55،56). بۇ ھېكايە يەھۇدىلارنىڭ يەنە بىر قەدىمى كىتاپچىسى Sanhedrin (5-باب) تىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «تەۋرات-مىسىردىن چىقىش»(20:19) بىلەن «تەۋرات-قانۇن شەرھى»(5:25) دىكى ۋەقەلىكلەر ئارلاشتۇرۇپ قويۇلغان.

o ئىبراھىمنىڭ كىتابى (قۇرئان 87:19). بۇ يەھۇدىلارنىڭ رىۋايىتى «ئىبراھىمنىڭ كىتابى» دىگەندىن كەلگەن.

o يەتتە يىگىتنىڭ غاردا 309 يىل ئۇخلاپ قېلىشى (قۇرئان 26-18:9 ). بۇ ھېكايە تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن كەلگەن:

- مىلادى 521-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن سۈرىيەلىك خىرىستىيان يازغۇچى Jacob of Sarug يازغان «ئەلچىلەر تەزكىرىسى».

- مىلادى 600-يىلىدىكى Diogenese Laertius Epimedides نىڭ

10 ـ بابىدا خاتىرلەنگەن گىرىك رىۋايىتى.

■ مىلادى 576 ـ 581 يىللاردىكى تۇرلۇق گىرىگورىنىڭ ئەسىرى Story of Martyrs .

■ ئەمما قۇرئان بىلەن ئوخشمايدىغان يېرى، يوقۇرقى مەنبەلەردە مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراش سەۋەبىدىن غاردا 200 يىل تۇرۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنغان.

○ بىر ئادەم تاشلىۋېتىلگەن قاقاس بىر شەھەردىن ئۆتىدۇ، خۇدا ئۇنى ئۇ يەردە ئۆلۈك ھالەتتە بىر يۈز يىل تۇرغۇزىدۇ، ئاندىن ئۇنى تىرىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ يىمەكلىكلىرى چىرىمايدۇ، ئېشىكىمۇ ئۆلمەيدۇ (قۇرئان 2:259). بۇ ھىكايە ئەملىيەتتە قەدىمقى يەھۇدىلارنىڭ خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەت ـ چۆچەكلىرىدىن كەلگەن.

## «شەيتان ئايىتى» قۇرئاندىكى يەنە بىر بىنورمال ئەھۋال

● مەككە قۇرەيىشلىرى مۇھەممەتكە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەچكە، مۇھەممەت يوقىرى تەبىقىدىكى كىشلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېتىقات جەھەتتە مۇرەسسە قىلىدۇ. ئۇ قۇرەيىشلەرنىڭ ئۈچ ئايال بۇت ئىلاھىنى (لات، مونات، ئۇززا قاتارلىقلارنى) ئېتىراپ قىلىپ، بۇ ئۈچ بۇتقا دۇئا قىلسىمۇ بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. (قۇرئان 23_19:53 )

● ئەينى ۋاقىتتا قۇرەيىشلەر ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، مۇھەممەت ھەتتا ئۇلار بىلەن بىللە دۇئا قىلىدۇ. ئەمما كېيىن ئۇ بۇنداق قىلسا ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۈچ ئايال ئىلاھىنى ئېتىراپ قىلسا ئاللانىڭ بىرلىكىگە زىت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتىنىمۇ تەۋرىتىپ قويىدىغانلىقىنى ھىس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بۇ ھالقىلىق مەسىلىدە، ئاللادىن يەنە بىر ۋەھى كەلدى دىيىش ئارقىلىق، بۇرۇنقى ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى مۇستەھكەملەيدۇ.

● شۇڭا ئۇ بۇ گۇناھنى شەيتانغا ئارتىپ، بۇ خىل ئىدىيىنى شەيتاننىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ كاللىسىغا كىرگۈزىۋەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن پۇشايمان قىلغانلىقىنى ۋە ئەمدى ئۇنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. (قۇرئان 53، 22:52)

● قۇرئاندا خاتىرلەنگەن مۇھەممەت بىلەن جىنلارنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار

○ ئۇلار مۇھەممەتنى ئازدۇرۇپ ئاللانىڭ تەلىملىرىگە خىلاپ كىلىدىغان ئىشلارنى قىلغۇزغان. مۇھەممەت ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانىڭ نامىدا يالغان تەلىملەرنى توقۇپ چىققان. ئاللانىڭ يولىدىن چەتنەپ ئۇلارنىڭ يولىغا كىرىپ كەتكىلى ئازلا قالغان. ئەمما ئاللا ئۇنى قوغداپ قالغان. (قۇرئان 17:73 ـ 75 )

○ مۇھەممەت ئاللادىن جىنلار ۋە ئىنسانلارغا مەنسۇپ بولغان يۇشۇرۇن كۈشكۈرتكۈچىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاشنى تىلىگەن. (قۇرئان 114:4 ـ 6 )

○ ئاللا بىر توپ جىننى مۇھەممەتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن، ئۇلار مۇھەممەتتىن قۇرئاننى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان. (قۇرئان 46:29 ، 72:1)

● بۇلاردىن مۇھەممەتنىڭ بەزىدە ئاللانىڭ ياكى شەيتاننىڭ سۆزىنى ئايرىيالمايدىغانلىقىنى، شەيتان ياكى ئىبلىسنىڭ ئۇنىڭغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ باققانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ جىنلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت باغلىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

**ئۆز ئۆزىگە بەرگەن باھاسى**

● قۇرئاننىڭ ئۆز-ئۆزىگە بەرگەن باھاسى

○ قۇرئان پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغۇچىدىن نازىل قىلىنغان. (قۇرئان 56:80)

○ قۇرئان يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئەقىل-پاراسەت ۋە دانالىققا تولغان قىممەتلىك كىتاپ. (قۇرئان 43:4 ، 36:2 ، 56:77)

○ قۇرئاندا ھىچقانداق شەك گۇمان يوقتۇر. (قۇرئان 2:2)

○ قۇرئان تەلىم-تەربىيە بېرىدۇ. ئۇ بەت يۈزلىرىدە خاتىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلار نۇرغۇن ئاقكۆڭۈل ۋە ئالىجاناپ خاتىرلىگۈچىلەرنىڭ قولىدا تۇرىدۇ. (قۇرئان 80:11, 13 ـ 16 )

○ قۇرئان ئاللانىڭ ۋەھىسىدۇر، خۇددى ئۇ نوھ، ئىبراھىم، ئىسمايىل، ئىسھاق، ياقۇپ، ئەيسا، ئايۇب، يۇنۇس، ھارون، سولايمان قاتارلىق پەيغەمبەرلەرگە ۋەھى قىلغان بىلەن ئوخشاش. ئاللا داۋۇتقا زەبۇرنى ئاتا قىلغان. (قۇرئان 4:163)

● بىراق قۇرئاننىڭ ئاتالمىش «ۋەھى» سى بىلەن مۇقەددەس كىتاپنىڭ ۋەھى قىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدۇ. بۇ مۇھەممەتنىڭ مۇقەددەس كىتاپنى تولۇق

چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. قۇرئاندا مۇنداق قارىلىدۇ: خۇدا ئاسماندا تۇرۇپ مۇھەممەت ۋە ئەيساغا قۇرئان بىلەن ئىنجىلدىن ئىبارەت ئىككى كىتاپنى چۈشۈرىدۇ، ئۇلار خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش ئۆزىگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھىنى سۆزمۇ-سۆز تەكرارلايدۇ ياكى خاتىرلەپ يازىدۇ. ئەمما مۇقەددەس كىتاپتا ئۇنداق دېيىلمىگەن. خۇدا ئۆزى تاللىغان ئادەملەرنىڭ دىلىغا سېلىش ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق خۇدانىڭ سۆزلىرىنى يازدۇرغان.

- قۇرئان ئۆزىنىڭ ئاسماندا قوغدىلىدىغان بىر تاختايغا يېزىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ (قۇرئان 85:21،22)، ئاللا ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى (قۇرئان 15:9)، ئۇ «خۇدانىڭ سۆزىنىڭ كىتاپقا ئايلىنىشى» بولۇپ، ئۇ كىتاپ بولۇپ يېزىلىشتىن بۇرۇنلا ئاسماندا مەڭگۈ مەۋجۇد بولۇپ كېلىۋاتقان «خۇدانىڭ سۆزىدۇر». ئۇ چوقۇم ئەرەپچە ئوقۇلۇشى (قىرائەت قىلىنىشى) كېرەك (قۇرئان 12:2 ، 13:37 ، 14:4 ، 16:103 ، 26:192،195 ، 39:28 ، 41:44 ، 42:7 ، 43:30 ). بۇ بىر ئەرەپ تىلىدىكى كىتاپ بولۇپ، بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلارنى دەلىللەيدۇ (قۇرئان 46:12) .
  - «ئاسماندا قوغدىلىدىغان تاختاي» دېگەن بۇ ئىبارە يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىسىدىن كەلگەن. (Pirqey Aloth 5-باب 6-بەت)
  - قۇرئاندا كۆپ قېتىم تەۋرات بىلەن ئىنجىل تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭمۇ خۇدانىڭ سۆزى ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئەگەر قۇرئان ئاسماندىكى تاختايغا يېزىلغان بولسا، خۇدانىڭ سۆزى بولغان تەۋرات بىلەن ئىنجىلمۇ ئاسماندىكى تاختايغا يېزىلغان بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە.
  - مۇسۇلمانلار قۇرئاننى مەڭگۈلۈك كىتاپ، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىشكە يول قويۇلمايدۇ دەپ قارايدۇ.
  - مۇسۇلمانلار خۇدانىڭ سۆزىنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈلۈپ كىتاپ بولۇپ يېزىلغانلىقىغا ئىشەنگەن يەردە، نېمىشقا خۇدانىڭ مەڭگۈلۈك سۆزىنىڭ ئىنسان ھالىتىدە يەر يۈزىگە كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ؟  ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ سۆزىنىڭ ئىنسانغا ئايلىنىشى بولۇپ، خۇدانىڭ سۆزىنىڭ بىر كىتاپقا (يەنى قۇرئانغا) ئايلىنىشىدىن تېخىمۇ ئۇلۇغ مۆجىزىدۇر.

**قۇرئاننىڭ ۋەھى قىلىنىشى**

- قۇرئاننى زادى پەرىشتە جەبرائىل يەتكۈزگەنمۇ ياكى روھىلقۇددۇسمۇ
  - جەبرائىل ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ۋەھىنى مۇھەممەتكە چۈشۈرگەن ۋە بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن. (قۇرئان 2:97)
  - قۇرئان پۈتۈن ئالەمنىڭ ئىگىسىدىن ۋەھى قىلىنغان، ئۇنى روھىلقۇددۇس مۇھەممەتكە يەتكۈزگەن. (قۇرئان 26:192،193)

- قۇرئاننىڭ چۈشكەن ۋاقتى
  - بىر قۇتلۇق كېچىدە چۈشكەن (قۇرئان 44:2،3)
  - ئۇلۇغ بىر كېچىدە چۈشكەن (قۇرئان 97:1)
  - رامازان ئېيىدا چۈشكەن (قۇرئان 2:185)
  - پارچە-پارچە ھالدا تەدرىجى چۈشۈرۈلگەن (قۇرئان 25:32)
- ئاللانىڭ قۇرئاننى نازىل قىلىشتىكى مەقستى
  - ئەرەپلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش
    - مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنى (ئەرەپلەرنى) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن (قۇرئان 6:92 ، 42:7)
    - مۇھەممەت كېلىشتىن بۇرۇن ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرغۇچى كېلىپ باقمىغان بىر توپ خەلق (ئەرەپلەر) ئۈچۈن (قۇرئان 32:3)
    - ئەجدادلىرى ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلاپ باقمىغان، بىپەرۋا يۈرگەن بىر مىللەت (ئەرەپلەر) ئۈچۈن (قۇرئان 36:5،6)
    - ئەرەپلەرنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن (قۇرئان 20:113 ، 39:28 ، 41:3 ، 43:3)
  - كىشىلەر تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مۇسۇلمانلارغا يول كۆرسىتىش ۋە شەپقەت قىلىش ئۈچۈن (قۇرئان 16:64 ، 27:77)
- پەقەت ئاللا بىلەن بىلىملىك ئادەملەرلا ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. (قۇرئان 3:7)
- مۇھەممەتكە ئىشەنمىگەنلەر قۇرئاننى مۇنداق دېگەن:
  - ئۇ بۇرۇنقىلاردىن قالغان رىۋايەت-ئەپسانىلەردۇر. (قۇرئان 6:25 ، 25:5 ، 68:15)
  - ئۇ خۇدانىڭ ئەمەس بەلكى ئاددى بىر ئادەمنىڭ تەرغىباتىدۇر، ئۇنىڭ دەۋاتقىنى يات مىللەتلەرنىڭ ئىشلىرى. (قۇرئان 16:103)
- مۇھەممەت پەقەت ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە قۇرئاننىڭ نوپوزىنى تىكلىمەكچى بولىدۇ، ئۇنىدىن سىرت قورئاننىڭ ھەقلىقىنى قوللايدىغان باشقا ھېچقانداق ئاساس ۋە تايانچ يوق. (قۇرئان 6:19 ، 7:158 ، 28:86،87 ، 33:45)
- قۇرئان باشقىلاردىن ئىسپات كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ (قۇرئان 2:111 ،

27:64 ، 28:75)، ئەمما ئۆزى ھېچقانداق ئىسپات كۆرسىتەلمەيدۇ.

ئىنجىلغا ئاساسلانغاندا:

■ ئەگەر ئەيسا مەسىھ پەقەت ئۆزىگە ئۆزى گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى راست بولمايدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 5:31)

■ ئەيسا مەسىھنىڭ قىلغان ئىشلىرى (ياراتقان مۆجىزىلىرى) ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئىنجىل-يۇھاننا 5:36 ، 38-10:36 )

■ ئەيسا مەسىھكە تەۋرات گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭدا ئەيسا مەسىھ توغرىسىدا بىشارەتلەر بار. (ئىنجىل-يۇھاننا 5:46)

(گەرچە مۇھەممەتمۇ تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىڭ ئۆزىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئۆزگىرىپ كەتكەن دەپ خۇدانىڭ قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلىرىغا تۆھمەت چاپلايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا مۇھەممەتنىڭ ئۇ سۆزلىرى ئىسپاتسىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ.)

■ خۇدا نەچچە قېتىم ئاشكارا ھالدا ئەيسا مەسىھكە سۆزلەيدۇ، بۇنى ئەتراپتىكىلەرمۇ ئاڭلايدۇ ۋە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. (ئىنجىل-ماركوس 9:7،8 ، لۇقا 3:21،22 ، يۇھاننا 30-12:28 )

● ئەمما مۇھەممەتكە پەقەت قۇرئانلا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، قۇرئانىمۇ پەقەت مۇھەممەتلا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇنداقتا بۇ گۇۋاھلىقنىڭ راست-يالغانلىقىنى قانداق ئايرىغىلى بولىدۇ ؟

## قۇرئاندىكى ئىچكى زىددىيەتلەر

قۇرئاندا نۇرغۇن ئىختىلاپلار ۋە ئۆزئارا زىت كېلىدىغان ئايەتلەر بار.

● ئاللانىڭ قۇرئانغا تۇتقان مۇئامىلىسى

○ ئاللا قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆزگەرتىدۇ ۋە قايتا بىكىتىدۇ. ئەمما ئاللانىڭ دەرگاھىدا قۇرئاننىڭ ئەسلى نوسخىسى بار ئىدى دېيىلىدۇ. (قۇرئان 13:39)

○ ئەگەر ئاللا خالىسا، ئۇ چوقۇم قۇرئاننى پاك پاكىز يوقىتىۋېتەلەيدۇ. (قۇرئان 17:86)

○ ئاللا مۇھەممەتنىڭ ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قۇرئاننى قىرائەت قىلغۇزىدۇ، ئەمما بەزى ئايەتلەرنى ئۇنتۇلغۇزىدۇ. (قۇرئان 87:6،7)

- مۇسۇلمانلار قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەندە، «ناسىخ-مەنسۇخ» تەلىمى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. يەنى يېڭى چۈشكەن ئايەت (ناسىخ) بۇرۇن چۈشكەن ئايەتنى بىكار قىلىدۇ (مەنسۇخ). (قۇرئان 2:106 ، 16:101)

- بۇلار قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلگەن ۋەھىي ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، چۈنكى،

قۇرئان مۇنداق جاكارلىغان:

  - ئەگەر قۇرئان ئاللادىن كەلگەن ۋەھىي ئەمەس بولسا، كىشىلەر چوقۇم ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن پەرقلەرنى بايقىيالايتى. (قۇرئان 4:82)

  - ئاللا بۇرۇنقى مۇقەددەس كىتاپلارنى قوغدايدۇ (قۇرئان 5:48 ، 15:9)، ئاللانىڭ سۆزىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ (قۇرئان 6:34،115 ، 10:64 ، 18:27 ، 48:23)

- «ناسىخ-مەنسۇخ» تىن ئىبارەت بۇ بىنورمال ئەھۋال «كالامنىڭ كىتاپقا ئايلىنىشى» نى ئىنكار قىلىدۇ. ئەگەر قۇرئاننىڭ ھەر بىر سۆزى ئاسماندىكى ئىلاھىي تاختايغا ئاللىبۇرۇن ئويۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا قۇرئاندا بىكارقىلىنغان (مەنسۇخ) ئايەتلەر نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

- قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرى بىكار قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئەمىلىيەتتە تەسۋىرلىگەن ئايەتلەرنى قانداق قىلىپ بىكار قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ قۇرئاننىڭ ئىچىدىكى بارلىق زىددىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

- مۇھەممەتنىڭ ۋەھىيلەرنى قوبۇل قىلغان ۋاقتى ئاران 22 يىل تۇرسا، بۇنچە قىسقا ۋاقىتتا ئاللانىڭ سۆزلىرى نېمىشقا توختىماي ئۆزگىرەيدۇ.

### مەسىھ ئېتىقادىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەلىملەر

- خۇدا ئۆزگەرمەيدۇ (تەۋرات-نوپۇس سانى 23:19 ، زەبۇر 102:27 ، مالاكى پەيغەمبەر 3:6 ؛ ئىنجىل-مەتتا 24:35 ، تىموتى II 2:13 ، ئىبرانىلار 13:8 ، ياقۇپ 1:17)

- خۇدانىڭ سۆزلىرى مۇكەممەل ۋە تاۋلانغاندۇر. (زەبۇر 18:30)

- خۇدانىڭ سۆزىنى بىكار قىلغىلى (مەنسۇخ قىلغىلى) بولمايدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 14:27 ؛ ئىنجىل-مەتتا 5:18 ، 24:35 ، ماركوس 13:31 ، لۇقا 16:17 ، يۇھاننا 10:35 ، گالاتىيالىقلار 3:15،17)

- خۇدانىڭ سۆزلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئەمرلىرىنىڭ ھەممىسى راست بولۇپ، مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ( زەبۇر 119:86،160)
- خۇدانىڭ سۆزى ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 46:11 ، 55:11 ، يەرەمىيا پەيغەمبەر 1:12)، مەڭگۈ مەزمۇت تۇرىدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 40:8)
- خۇدانىڭ ۋەدىسى ھەرگىز قۇرۇق ۋەدە ئەمەس. (پادىشاھلار II 8:56)
- خۇدا ئىرادە قىلغان ئىش چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ (يەشايا پەيغەمبەر 14:24)، ئۇنى بىكار قىلغىلى بولمايدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 14:27)

تەۋرات ۋە ئىنجىلدىكى ئايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇرئان خۇدانىڭ سۆزلىرى بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

## قۇرئاندىكى زىددىيەتلىك ئايەتلەر

<table dir="rtl">
<tr><td colspan="2">جەننەتكە كىرىدىغان كېيىنكى ئادەملەرنىڭ سانى زادى كۆپمۇ ياكى ئازمۇ؟</td></tr>
<tr><td>جەننەتتە بۇرۇنقىلار كۆپ، كېيىنكىلەر ئاز. (قۇرئان 56:12،13 )</td><td>جەننەتتە بۇرۇنقىلارمۇ كۆپ، كېيىنكىلەرمۇ كۆپ. (قۇرئان 56:39،40)</td></tr>
<tr><td colspan="2">ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپ كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلىدۇ</td></tr>
<tr><td>مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان تەرەپ دەسلەپتە ئېرۇسالىم ئىدى. كېيىن ئاللا مۇھەممەتكە ۋەھى قىلىپ، خالىغان تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلساڭلار بولىدۇ، چۈنكى ھەممە تەرەپ ئاللاغا مەنسۇپ دەيدۇ.<br>(قۇرئان 2:142)</td><td>تىخىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئاللا مۇھەممەتكە يەنە ۋەھى چۈشۈرۈپ بۇرۇنقى گېپىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، بۇ قېتىم ئۇ مۇھەممەت ياخشى كۆرىدىغان مەككىدىكى كەئبىنى مۇسۇلمانلارغا قىبلە قىلىپ بەرگەنلىكىنى جاكارلايدۇ.<br>(قۇرئان 2:143،144)</td></tr>
<tr><td colspan="2">مىراس تەقسىماتىنىڭ سانلار ھېساباتىدا پەرقلەر ۋە خاتالىقلار بار</td></tr>
<tr><td>• ئوغۇللار ئاتا-ئانىسى ۋە يېقىن تۇققانلىرىدىن قالغان مىراسنىڭ بىر قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ، قىزلارمۇ بىر قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. مەيلى قالغان مىراس كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، ھەر بىر ئادەم بەلگىلەنگەن مىراس ئۈلۈشىگە</td><td>• ئوغۇل بالا ۋارىسلىق قىلىدىغان مىراس قىز بالىنىڭ ئىككى ھەسسىسى بولىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق قىزى بولسا، ئۇلار ئومومى مىراسنىڭ ئۈچدەن ئىككى قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر بىرلا قىزى بولسا، ئۇ</td></tr>
</table>

ئىگە بولىدۇ. (قۇرئان 4:7)

● مىراس قالدۇرىدىغانلار ئۆلۈپ كىتىشتىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىسى ۋە يېقىن ئۇرۇق تۇققانلىرى ئۈچۈن ئادىل بولغان ۋەسىيەتنامە قالدۇرۇش كېرەك.

(قۇرئان 2:180)

ئىككىدەن بىر قىسىم مىراسقا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ پەرزەنتلىرى بولسا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەر بىرى مىراسىنىڭ ئالتەدەن بىر قىسىم ئۆلۈشگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر پەرزەنتلىرى بولماي پەقەت ئاتا ـ ئانىسىلا بولسا، ئۇنداقتا ئانىسى مىراسىنىڭ ئۈچدەن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاكا ـ ئىنى ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرى بولسا، ئانىسى پەقەت ئالتەدەن بىر قىسىم مىراسقا ئىگە بولىدۇ.

(قۇرئان 4:11)

● ئەگەر خوتۇنلىرىنىڭ بالىسى بولمىسا، ئۇنىڭدىن قالغان مىراسىنىڭ ئىككىدەن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بالىلىرى بولسا، ئۇنىڭدىن قالغان مىراسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ بالىلىرى بولمىسا، خوتۇنلىرى مىراسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بالىلىرى بولسا، خوتۇنلىرى مىراسىنىڭ سەككىزدەن بىر ئۆلشىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ يوق، پەرزەنتلىرىمۇ يوق بولۇپ، پەقەت ئانا بىر دادا باشقا بىر ئەر قېرىندىشى ۋە بىر ئايال قېرىندىشى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىراسىنىڭ ئالتىدەن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئانا بىر دادا باشقا تېخىمۇ كۆپ قېرىنداشلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىراسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. (قۇرئان 4:12)

● ئەگەر بىر ئەركىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بولماي، پەقەت بىرلا ئاچىسى ياكى سىڭلىسى بولسا، ئۇ ئايال مىراسىنىڭ ئىككىدەن بىر قىسمىغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئايال كىشىنىڭ بالىلىرى

| | |
|---|---|
| | بولمىسا، ئۇنداقتا ئەركىشى ئۇنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر ئەر كىشىنىڭ مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىدىغانلار ئۇنىڭ ئىككى ئاچىسى ياكى سىڭلىسى بولسا، ئۇ ئىككىسى مىراسىنىڭ ئۈچدەن ئىككى ئۈلۈشىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەگەر ۋارىسلىق قىلىدىغانلار ئىچىدە ئاكا-ئىنى ۋە ئاچا-سىڭىللىرى بولسا، ئۇنداقتا بىر ئەر قېرىندىشى ئىككى ئايال قېرىندىشىنىڭ ئۈلۈشىگە ئىگە بولىدۇ. (قۇرئان 4:176) |
| **كېچىلىك ناماز ۋاقتى** | |
| كېچىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇش كېرەك. (قۇرئان 73:2) | كېچىلىك ناماز ئوقۇش ۋاقتى پۈتۈن كېچىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم، ئىككىدەن بىر قىسىم ياكى ئۈچتىن بىر قىسىمدا بولىدۇ. (قۇرئان 73:20) |
| **زىنا قىلغانلار زادى قانداق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ؟** | |
| ● قۇرئان ئەرلەرگە مۇنداق ئۆگىتىدۇ: ئەگەر خوتۇنلىرىڭلار زىنا قىلسا، ھەم بۇنىڭغا تۆت ئەركىشى گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ خوتۇننى تاكى ئۆلگۈچە ياكى ئاللا ئۇلارغا بىر يول ئېچىپ بەرگىچە ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار. (قۇرئان 4:15)<br>● قۇرئان ئاياللارغا مۇنداق ئۆگىتىدۇ: ئەگەر ئېرىڭلار باشقا ئايال بىلەن زىنا قىلسا، ئۇ ئىككىسىنى ئەيىپلەڭلار. ئەگەر ئۇلار گۇناھىغا تۆۋە قىلسا، ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىڭلار. (قۇرئان 4:16) | قۇرئان يەنە مۇنداق ئۆگىتىدۇ: زىنا قىلغان ئەر ئايالنى، ھەر بىرسىنى 100 قامچىدىن ئۇرۇڭلار. ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتماڭلار، ئاللانىڭ جازاسىنى كەمەيتمەڭلار. مۇسۇلمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ جازالىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىڭلار. (قۇرئان 24:2) |

| ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرگە بولغان مۇئامىلە (دىنى ئەركىنلىكتىن زوراۋانلىققا يۈزلىنىش) | |
| --- | --- |
| ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىدە قۇرئان مۇنداق جاكارلايدۇ: دىندا زورلاش يوق. (قۇرئان 2:256) | • مۇسۇلمانلارنىڭ سانى سەل كۆپەيگەندىن كېيىن قۇرئان مۇنداق ئۆگىتىدۇ: مۇسۇلمانلار تاكى زىيانكەشلىك تۈگەپ، ئاللانىڭ دىنى يۈرگۈزۈلگۈچە، مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇرۇشنى توختىتىشى، باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىق كېرەك. (قۇرئان 2:193)<br>• مۇھەممەت كۆچيىپ ھاكىمىيەت قۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشىدىن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا يۈزلىنىدۇ. بۇ چاغدا قۇرئان مۇنداق ئۆگىتىدۇ:<br>○ مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىغا ئىشەنمىگەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك، تاكى ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىچە ياكى يۇۋاشلىق بىلەن جىزيە (مۇسۇلمان ئەمەسلەر تۆلەيدىغان ئېغىر باج) نى تۆلىگەنگە قەدەر. (قۇرئان 9:29)<br>○ مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ يولىدا ماڭمىغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك. (قۇرئان 4:89)<br>○ جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى قىرۋېتىش كېرەك، ياكى ئەسىر ئېلىش كېرەك. ئاللانىڭ يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىت بولغانلار زور ساۋاپقا ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 47:4) |

<table dir="rtl">
<tr><th colspan="2">ئۇرۇش چەكلەنگەن ئايلاردا جەڭ قىلىشقا بولامدۇ ؟</th></tr>
<tr><td>قۇرئان مۇسۇلمانلارغا مۇنداق ئۆگىتىدۇ: چەكلەنگەن ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، سىلەر قەيەردە مۇشرىكلارنى كۆرسەڭلار، ئۇلارنى شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، ئەسىر ئېلىڭلار، قورشاپ ھۇجۇم قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار ئىسلامنىڭ يولىغا كىرسە ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار. (قۇرئان 9:5)</td><td>قۇرئان يەنە مۇنداق ئۆگىتىدۇ: ئاللا بىر يىلنى 12 ئايغا بۆلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئاي چەكلەنگەن ئايلاردۇر. بۇ مەزگىلدە مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا ھوجۇم قىلسا، ئۇلارغا بىرلىكتە قارشىلىق كۆرسىتىش كېرەك. (قۇرئان 9:5)</td></tr>
<tr><th colspan="2">ئاللا دۇنيانى 6 كۈندە ياكى 8 كۈندە ۋە ياكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ياراتقانمۇ ؟</th></tr>
<tr><td>ئاللا 6 كۈندە ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان. (قۇرئان 32:4 ، 7:54 ، 10:3 ، 11:7 ، 25:59 )</td><td>● ئاللا يەرنى، يەر يۈزىدىكى مەۋجۇداتلارنى ۋە ئاسماننى يارىتىشقا جەمئىي 8 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىدۇ. (قۇرئان 12-41:9 )<br>● ئاللا بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ھەممىنى يارىتىدۇ. (قۇرئان 2:117)</td></tr>
<tr><th colspan="2">مۇسۇلمانلار مەسىھلەر بىلەن دوست بولسا بولامدۇ ؟</th></tr>
<tr><td>مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. (قۇرئان 5:51)</td><td>مەسىھلەر مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يېقىن دوستانە بولغان كىشىلەردۇر. چۈنكى ئۇلار تەكەببۇر ئەمەس. (قۇرئان 5:82)</td></tr>
<tr><th colspan="2">مۇھەممەت تۇنجى مۇسۇلمانمۇ ياكى بۇرۇنقىلارمۇ؟</th></tr>
<tr><td>قۇرئاندا مۇھەممەت كۆپ قېتىم ئۆزىنى مۇشرىكلىك يولىدىن يېنىپ ئاللاغا بويسۇنغان تۇنجى مۇسۇلمان (بويسۇنغۇچى) دەپ ئاتايدۇ. (قۇرئان 6:14 ، 6:163 ، 39:12)</td><td>ئەمما قۇرئاندا مۇھەممەتتىن بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار تىلغا ئېلىنىدۇ.<br>● ئىبراھىم، ياقۇپ ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسرائىللار. (قۇرئان 2:132)<br>● قۇرئان نازىل بولۇشتىن بۇرۇنلا مۇقەددەس كىتاپ بېرىلگەن خەلقلەر يەنى يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر. (قۇرئان 28:52، 53)<br>● ئەيسا مەسىھ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى. (قۇرئان 3:52)</td></tr>
</table>

| | |
|---|---|
| **ئاللانىڭ بىر كۈنى مىڭ يىلمۇ ياكى بەش تۈمەن يىلمۇ ؟** | |
| ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى بىر كۈن ئىنسانلارنىڭ بىر مىڭ يىلىغا تەڭ.<br>(قۇرئان 22:47 ، 32:5 ) | پەرىشتە ۋە ئاللانىڭ بىر كۈنى ئىنسانلارنىڭ بەش تۈمەن يىلىغا باراۋەر.<br>(قۇرئان 70:4) |
| **قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنەمدۇ ياكى ئىككىگىمۇ ؟** | |
| • ئىنسانلار مۇھەممەتكە ئىشەنگەنلەر ۋە تەتۈر پېشانىلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.<br>(قۇرئان 20ـ90:18 )<br>• ئىنسانلار ياخشىلىق قىلغۇچىلار ۋە يامانلىق قىلغۇچىلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.<br>(قۇرئان 8ـ99:6 ) | قىيامەت كۈنى ئىنسانلار ئۈچكە ئايرىلىدۇ. بەختلىك بولغۇچىلار، تەتۈر پېشانىلەر ۋە ياخشىلىق قىلغۇچىلار.<br>(قۇرئان 10ـ56:3 ) |
| **جاننى كىم ئالىدۇ ؟** | |
| • جاننى ئەزرائىل ئالىدۇ. (قۇرئان 32:11)<br>• پەرىشتىلەر ئادەملەرنىڭ يۈزىگە ۋە دۈمبىسىگە ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. (قۇرئان 47:27) | جاننى ئاللا ئالىدۇ. (قۇرئان 39:42) |
| **ئاللا ئاد قەۋمىنى بىر كۈندە گۇمران قىلامدۇ ياكى نەچچە كۈندە ۋە ياكى 7ـ8 كۈندىمۇ؟** | |
| ئاللا بىر كۈندە قاتتىق بوران چىقىرىپ ئۇلارنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ. (قۇرئان 54:19) | • ئاللا نەچچە كۈن قاتتىق بوران چىقىرىپ ئۇلارنى ئازاپلايدۇ. (قۇرئان 41:16)<br>• ئاللا 7ـ8 كۈن قاتتىق بوران چىقىرىپ ئۇلارنى گۇمران قىلىۋېتىدۇ.<br>(قۇرئان 69:6، 7) |

| | |
|---|---|
| **ئاللا باشتا يەرنى يارىتامدۇ ياكى ئاسماننى ؟** | |
| ئاللا يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى يارىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاسماننى يارىتىدۇ، ئۇنى 7 قات ئاسمان قىلىدۇ. ھەر بىر قات ئاسماندا ئاھالىلەر ياشايدۇ.<br>(قۇرئان 2:29 ، 41:9ـ12 ) | ئاللا ئاسماننى يارىتىپ ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن يەرنى يارىتىدۇ.<br>(قۇرئان 30ـ79:27 ) |
| **ئاسمان بىلەن زېمىن ئەسلى ئايرىم بولۇپ كېيىن تۇتاشقانمۇ ياكى باشتا تۇتاش بولۇپ كېيىن ئايرىلغانمۇ؟** | |
| ئاللا ئاسمان بىلەن زېمىنغا بىر يەرگە كېلىڭلار دەيدۇ. ئۇلار بويسۇنىدۇ.<br>(قۇرئان 41:11) | ئاسمان بىلەن زېمىن ئەسلى بىر تۇتاش ئىدى، ئاللا ئۇلارنى ئىككىگە ئاجرىتىۋېتىدۇ.<br>(قۇرئان 21:30) |
| **ئاللا ئادەمنى زادى نېمە بىلەن ياراتقان ؟** | |
| • قان پارچىسى بىلەن ياراتقان (قۇرئان 96:2)<br>• پۈتكۈل جانلىقلار سۇ بىلەن يارىتىلغان.<br>(قۇرئان 21:30 ، 24:45)<br>• مەنى بىلەن ئادەمنى ياراتقان.<br>(قۇرئان 25:54)<br>• توپا بىلەن ئادەم ئاتىنى ياراتقان.<br>(قۇرئان 3:59)<br>• قارا سېغىز توپا بىلەن ئادەمنى ياراتقان.<br>(قۇرئان 15:26)<br>• لاي بىلەن ئادەملەرنى ياراتقان.<br>(قۇرئان 30:20) | • ئادەملەر يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.<br>(قۇرئان 52:35)<br>• ئاللا توپا بىلەن ئادەملەرنى ياراتقان. (11:61)<br>• مەنى بىلەن ياراتقان. (قۇرئان 16:4)<br>• ئادەم باشتا مەنى ئىدى، كېيىن قان پارچىسىغا ئايلاندى، ئاخىرىدا ئاللا ئۇنى ئادەم قىلدى. (قۇرئان 75:36،38 )<br>• ئاللا باشتا لاي بىلەن كېيىن مەنى بىلەن ئادەملەرنى ياراتقان. (قۇرئان 35:11) |

| ئاللا بىلەن ئادەمنىڭ ئارلىقى زادى قانچىلىك ؟ | |
|---|---|
| ئادەمنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىن.<br>(قۇرئان 50:16) | ● ئاللا 6 كۈندە ئاسمان بىلەن زېمىننى يارىتىپ بولۇپ، ئاندىن ئەرشتىكى تەختىگە چىقىپ ئولتۇرىدۇ. (قۇرئان 57:4)<br>● ئاللا 6 كۈندە ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭ تەختى ئەسلى سۇ ئۈستىدە ئىدى. (قۇرئان 11:7)<br>● ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ۋاقتى بويىچە ھېساپلىغاندا بىر مىڭ يىل ۋاقىت كېتىدۇ. (قۇرئان 32:5)<br>● پەرىشتىلەرنىڭ يەر يۈزىدىن ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ۋاقتى بويىچە ھېساپلىغاندا 50 مىڭ يىل ۋاقىت كېتىدۇ. (قۇرئان 70:4) |
| **بالا قازا نەدىن كېلىدۇ ؟** | |
| شەيتاندىن كېلىدۇ. (قۇرئان 38:41) | ● ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن كېلىدۇ. (قۇرئان 4:79)<br>● بالا قازانىڭ ھەممىسى ئاللادىن كېلىدۇ. (قۇرئان 4:78) |
| **جەننەتتە ئادەملەر ئۆزئارا ھال-ئەھۋال سورىشىپ پاراڭلىشامدۇ ؟** | |
| بۇرغا چېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ توققاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوقايدۇ. ئۇلار ئەمدى ھال-ئەھۋال سورىشالمايدۇ.<br>(قۇرئان 23:101) | ● ئادەملەر جەننەتتە بىر بىرسىگە ھاراق تۇتۇشىدۇ، بالا چاكارلار ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ، كىشىلەر ئۆزئارا پاراڭلىشىدۇ.<br>(قۇرئان 25-52:23 )<br>● كۆپچىلىك ئۆزئارا سۆھبەتلىشىدۇ.<br>(قۇرئان 37:27) |

<table dir="rtl">
<tr><th colspan="2">پەقەت ئاللالا قوغدىغۇچى ۋە نازارەتچىمۇ ؟ ياكى پەرىشتىلەرمۇ بارمۇ؟</th></tr>
<tr><td>• ئاللادىن باشقا ھېچقانداق قوغدىغۇچىلار ۋە ياردەمچىلار يوق. (قۇرئان 2:107 )<br>• ئاللادىن باشقا ھېچقانداق نازارەتچىلار ۋە ياردەمچىلار يوق. (قۇرئان 29:22)</td><td>• پەرىشتىلەر كىلىپ ئۆلارغا ، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا بىز سىلەرنىڭ قوغدىغۇچىڭلار دەيدۇ. (قۇرئان 41:30،31)<br>• ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە نۇرغۇن پەرىشتىلەر كىلىپ ئۇلارنى قوغدايدۇ. (قۇرئان 13:11)<br>• ئادەمنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئىككى خاتىرلىگۈچى پەرىشتە بار، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پەرىشتە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. (قۇرئان 50:17،18)<br>• سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلەردە نۇرغۇن نازارەتچىلەر بار. (قۇرئان 82:10)</td></tr>
<tr><th colspan="2">پۈتۈن مەۋجۇدات ئاللاغا بويسۇنامدۇ؟ پۈتۈن پەرىشتىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلامدۇ؟</th></tr>
<tr><td>• ئاسمان-زىمىندىكى بارلىق ھايۋانات ۋە پەرىشتىلەر پەقەت ئاللاغىلا سەجدە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىدۇ. (قۇرئان 16:49،50)<br>• ئاسمان-زىمىندىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللاغا مەنسۇپ، بارلىق مەۋجۇدات ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. (قۇرئان 30:26)</td><td>• ئاللا پەرىشتىلەرگە ئادەم ئاتىغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىڭلار دىگەندە، ھەممە پەرىشتىلەر شۇنداق قىلىدۇ، پەقەت شەيتان (ئىبلىس) لا ئاللانىڭ پەرمانىغا قارشى چىقىپ ئادەمگە باش ئۇرۇپ سەجدە قىلمايدۇ. شەيتان: مەن لايدىن ياسالغان ئادەمگە نىمشقا سەجدە قىلىدىكەنمەن- دەيدۇ.<br>(قۇرئان 2:34 ، 7:11 ، 15:28-31 ، 17:61 ، 20:116 ، 38:71-74 ، 18:50)<br>• شەيتانىنىڭ خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ ئادەمگە باش ئۇرۇپ سەجدە قىلمىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ ھىكايە مۇقەددەس كىتاپتىن ئەمەس، بەلكى يەھۇدىلارنىڭ «تالمۇد» دىگەن كىتابىدىكى رىۋايەتلەردىن كەلگەن. (Guillaume : «ئىسلام» 62-بەت)</td></tr>
</table>

<table dir="rtl">
<tr><th colspan="2">ئاللا مۇشرىكلىك گۇناھىنى كەچۈرەمدۇ ـ كەچۈرمەمدۇ ؟</th></tr>
<tr><td>مۇشرىكلىك (ئىلاھقا شېرىك كەلتۈرۈش) ئىنتايىن چوڭ گۇناھ بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا گۇناھلارنى ئاللا خالىسا كەچۈرىدۇ، ئەمما مۇشرىكلىك گۇناھىنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.<br>(قۇرئان 4:48 ، 4:116)</td><td>• موسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا، ئاللا مۇزايىنى ئىلاھ دەپ چوقۇنغان ئىسرائىللارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۋېتىدۇ. (قۇرئان 4:153)<br>• ئاللادىن باشقا ئىلاھقا چوقۇنغانلار قىيامەتتە قاتتىق جازالىنىدۇ، ئەمما ئۇلار گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ئىسلامغا كىرسە، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۋېتىدۇ. (قۇرئان 25:68 ـ 71 )</td></tr>
<tr><th colspan="2">پاك ئاياللارغا تۆھمەت قىلغانلارنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلەمدۇ يوق ؟</th></tr>
<tr><td>پاك ئاياللارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغانلار ئەگەر 4 ئەر گۇۋاھچىنى چىقىرالمىسا، ئۇلارنى 80 قامچا ئۇرۇش كېرەك، ھەمدە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلماسلىق كېرەك. بۇنداق ئادەملەر گۇناھكار ئادەملەردۇر، ئەگەر ئۇلار كېيىن گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ ياخشىلانسا، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ.<br>(قۇرئان 24:4،5)</td><td>پاك ئاياللارغا تۆھمەت قىلغانلار بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا قارغىشقا ئۇچرايدۇ، ئۇلار قاتتىق جازالىنىدۇ.<br>(قۇرئان 24:23)</td></tr>
<tr><th colspan="2">دوزاقتا چۈشۈپ جازالىنىدىغانلار ئۆزىنىڭ ساۋاپ ـ گۇناھ كىتابىنى قانداق تاپشۇرۇۋالىدۇ؟</th></tr>
<tr><td>دۈمبىسىنىڭ كەينىدىن تاپشۇرۇۋالىدۇ.<br>(قۇرئان 84:10 ـ 14 )</td><td>سول قولى بىلەن تاپشۇرۇۋالىدۇ.<br>(قۇرئان 69:25،26)</td></tr>
<tr><th colspan="2">ۋەھىلەرنى مۇھەممەتكە جەبرائىل يەتكۈزەمدۇ ياكى روھىلقۇددۇسمۇ ؟</th></tr>
<tr><td>پەرىشتە جەبرائىل مۇھەممەتكە يەتكۈزىدۇ.<br>(قۇرئان 2:97)</td><td>روھىلقۇددۇس مۇھەممەتكە يەتكۈزىدۇ.<br>(قۇرئان 16:102)</td></tr>
</table>

| لۇت قەۋمىنىڭ قىلغان بىردىنبىر جاۋابى زادى قايسى؟ | |
|---|---|
| ● ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قىلغان جاۋابى: «سىلەر ئۇلارنى شەھەردىن چىقىرۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتەن پاك خەلقتۇر.»<br>(قۇرئان 7:82)<br>● ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر لۇتنىڭ ئېتىقاتچىلىرىنى شەھەردىن چىقىرۋېتىڭلار، چۈنكى ئۇلار پاك خەلقتۇر.» بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى.<br>(قۇرئان 27:56) | ئۇنىڭ قەۋمى مۇنداق دەيدۇ: « سەن ئاللانىڭ جازاسىنى بىزگە ئۇچۇق جاكارلىغىن، ئەگەر سەن سەممى ئادەم بولساڭ» بۇ ئۇلارنىڭ بىردىنبىر جاۋابى ئىدى.<br>(قۇرئان 29:29) |

| نوھنىڭ ئوغلى توپان بالاسىدا ھايات قالامدۇ ياكى سۇغا غەرق بولامدۇ؟ | |
|---|---|
| ●نوھنىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرى بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. (قۇرئان 21:76)<br>● پەقەت نوھنىڭ ئەۋلادلىرىلا ھايات قالىدۇ.<br>(قۇرئان 77-37:75 ) | نوھنىڭ ئوغلى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ.<br>(قۇرئان 11:42،43) |

| پىرئەۋن ئۆلۈشتىن بۇرۇن گۇناھى كەچۈرۈلۈپ قۇتقۇزۇلغانمۇ؟ | |
|---|---|
| مىسىر پىرئەۋنى ئىسرائىللارنى قوغلاپ دېڭىزدىن ئۆتكەندە سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ. ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئىسرائىللارنىڭ خۇداسىدىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ، گۇناھىغا تۆۋە قىلىدۇ. خۇدا ئۇنى قۇتقۇزىدۇ.<br>(قۇرئان 92-10:90 ) | بىر ئۆمۈر يامان ئىشلارنى قىلىپ، ئۆلىدىغان چاغدا ئاندىن گۇناھىغا تۆۋە قىلغانلار كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار قاتتىق جازالىنىدۇ.<br>(قۇرئان 4:18) |

| | |
|---|---|
| **مەسىھلەر جەننەتكە كىرەمدۇ ياكى دوزاققىمۇ ؟** | |
| ● خۇدا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقات قىلغانلارنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئەيسا مەسىھكە ئېتىقات قىلمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 3:55)<br>● يەھۇدىيلار، مەسىھلەر، سابىئلار (يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار) قاتارلىق خۇداغا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلار كەلگۈسىدە زور ئىلتىپاتقا ئېرىشىپ جەننەتكە كىرىدۇ. ئۇلاردا قورقۇنۇچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ. (قۇرئان 2:62 ، 5:69) | ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنغا ئېتىقات قىلغانلارنى خۇدا ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلار بولۇپ، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.<br>(قۇرئان 3:85) |
| **جىن ۋە ئادەملەر نىمە ئۈچۈن يارىتىلغان ؟** | |
| ئاللانىڭ جىن ۋە ئادەملەرنى يارىتىشتىكى مەقسىتى، پەقەت ئۇلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇش ئۈچۈن. (قۇرئان 51:56) | ئاللا دوزاققا كىرگۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن جىن ۋە ئادەملەرنى يارىتىدۇ. (قۇرئان 7:179) |
| **بىر مۇسۇلمان ئون دۈشمەننى يېڭەلەمدۇ ياكى ئىككىنىمۇ؟** | |
| چىداملىق 20 مۇسۇلمان جەڭچى 200 دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ، 100 مۇسۇلمان جەڭچى 1000 دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ. (قۇرئان 8:65) | چىداملىق 100 مۇسۇلمان جەڭچى 200 دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ، 1000 مۇسۇلمان جەڭچى 2000 دۈشمەننى يېڭەلەيدۇ. (قۇرئان 8:66) |
| **مۇسۇلمانلار ئاللانى ئەسلىگەندە تىنچلىق ھېس قىلامدۇ ياكى ۋەھىمىمۇ؟** | |
| مۇسۇلمانلار ئاللانى ئەسلىگەندە، ئۇلارنىڭ قەلبى تىنچلىق ھېس قىلىدۇ. ئاللانى ئەسلىگەن ھەر قانداق قەلب تىنچلىق ھېس قىلىدۇ. (قۇرئان 13:28) | ئاللانى ئەسلىگەندە قەلبىنى ۋەھىمە باسقانلارلا ھەقىقى مۇسۇلمانلاردۇر.<br>(قۇرئان 8:2) |

<table dir="rtl">
<tr><th colspan="2">ئاللا بىردىنبىر ياراتقۇچىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ياراتقۇچىلارمۇ بارمۇ؟</th></tr>
<tr><td>ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئاللا ياراتقان.<br>(قۇرئان 39:62)</td><td>● ئاللا ئەڭ ماھىر ياراتقۇچىدۇر.<br>(قۇرئان 23:14)<br>(ئاللادىن باشقا يەنە ياراتقۇچىلار بارمۇ، ئاللا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ماھىرىمۇ؟)<br>● سىلەر ئەڭ ياخشى ياراتقۇچى ئاللانى تاشلاپ، بائالغا چوقۇنامسىلەر. (قۇرئان 37:125)<br>(ئاللا ياراتقۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىمۇ؟ )</td></tr>
<tr><th colspan="2">قىساس ئېلىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى</th></tr>
<tr><td>قۇرئان ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قارشى تەرەپتىن قىساس ئېلىپ يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يول قويىدۇ.<br>(قۇرئان 17:33)<br>(قانغا قان، جانغا جان ئېلىش تۈزۈمى)</td><td>كىيىن قۇرئاندا ئۆلتۈرۈلگۈچى ئۈچۈن قىساس ئېلىش ۋە بەدەل تۆلەش تۈزۈمى بەلگىلىنىدۇ. ئۆلگۈچى ھۆر ئادەم بولسا، قارشى تەرەپتىن ھۆر ئادەمدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈش؛ قۇل بولسا، قۇلدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈش؛ ئايال كىشى بولسا، ئايالدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈش بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرى خالىسا، ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ئورنىغا قارشى تەرەپتىن پۇل-مال (بەدەل) تەلەپ قىلىسىمۇ بولىدۇ. (قۇرئان 2:178)</td></tr>
<tr><th colspan="2">ھاراق ئىچىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنىڭ ئۈچ قېتىم ئۆزگىرىشى</th></tr>
<tr><td>● مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ قالغاندا ناماز ئوقۇماسلىقى كېرەك. (قۇرئان 4:43)<br>(دېمەك مۇسۇلمانلار باشقا ۋاقىتلاردا ھاراق ئىچسە بولىدۇ)</td><td>كىيىن قۇرئاندا، ھاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناش پۈتۈنلەي چەكلەنگەن، ئۇنى شەيتاننىڭ ئىشى دەپ ئاتىغان.<br>(قۇرئان 5:90،91)</td></tr>
</table>

| | |
|---|---|
| ● گەرچە هاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشنىڭ ئاز تولا پايدىسى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گۇناھى پايدىسىدىن كۆپتۇر. (قۇرئان 2:219)<br>(قۇرئاندا هاراق ئىچىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىمۇ بار، گۇناھلىق تەرىپىمۇ بار دىيىلگەن) | (قۇرئان ئاسماندىكى ئىلاھى تاختايدا ئاللىبۇرۇن پۈتۈلۈپ بولغان بولسا، نىمە ئۈچۈن هاراق ئىچىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە توختىماي ئۆزگىرەيدۇ) |
| **قىيامەت كۈنى ئادەملەر ئاللانىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەپ ئۆزىنى يۇشۇرامدۇ ؟** | |
| ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەر قىيامەت كۈنى ئاللانىڭ ئالدىدا بىر جۈملە سۆزنىمۇ يۇشۇرالمايدۇ.<br>(قۇرئان 4:42) | قىيامەت كۈنى، مۇشرىكلار قەسەم ئىچىپ، بىز خۇداغا شىرىك كەلتۈرمىدۇق دەيدۇ.<br>(قۇرئان 6:22،23) |

● قۇرئان بىرلا ئادەمدىن يەنى مۇھەممەتتىن كەلگەن، «ۋەھى» نىڭ چۈشكەن ۋاقتىمۇ قىسقىغىنە 22 يىل، پەقەت بىرلا خىل تىلدا يېزىلغان، ئاران نەچچە ئون مىڭ سۆزدىن تەشكىل تاپقان، هازىرغىچە پەقەت 1400 يىللا ۋاقىت ئۆتكەن، دۇنيادا ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى قولىيازما نوسخىلىرىمۇ ئىنتايىن ئاز. شۇنداق تۇرۇپ بۇ كىتاپتا يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇد.

● مۇقەددەس كىتاپ بولسا، 1500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان رايوندىكى، ئوخشىمىغان 3 خىل تىلدا، 40 نەچچە پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھى ۋە خۇدانىڭ ئىلھاملاندۇرىشى بىلەن يېزىلغان 66 پارچە مۇقەددەس يازمىلارنىڭ توپلىمى بولۇپ، بۇ يازمىلار خۇددى بىرلا ئادەمنىڭ قولىدىن چىققاندەك ئۆزئارا باغلىنىشچانلىق ئىگە ۋە بىر-بىرسىنى تەستىقلايدۇ، بۇلارنىڭ كەينىدە ئاجايىپ بىر كۈچ قۇدرەتنىڭ مەۋجۇدلىقى ناهايىتى ئېنىق. بۇ مۇقەددەس يازمىلارنىڭ ئالدىغا 3500 يىل، كەينىگىمۇ 2000 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، تارىختا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان، كۆچۈرۈلمە نوسخىلىرى ناهايىتى كۆپ هەم دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. بۇ جەھەتلەردىن قۇرئان بىلەن مۇقەددەس كىتاپنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

● مۇقەددەس كىتاپ بىلەن قۇرئاندىكى «ۋەھى» ئۇقۇمى ئوخشىمايدۇ. مۇقەددەس كىتاپتا، خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئۆزى تاللىغان ئادەمنىڭ قەلبىگە سېلىپ، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق، مۇقەددەس يازمىلارنى يازدۇرغان دېيىلىدۇ. شۇڭا كېيىنكى نەچچە مىڭ يىلدا، ئونمىڭلىغان قولىيازما نوسخىلىرىنىڭ كۆچۈرۈپ يېزىلىش جەريانىدا (ئەينى ۋاقىتتا كومپيۇتېر ۋە مەتبە يوق ئىدى)، بەزى ھەرپ ۋە قىسمەن سۆزلەرنىڭ خاتا كۆچۈرۈلۈپ قىلىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل پەرقلەر ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، مۇقەددەس كىتاپنىڭ ئاساسى ئەقىدە ۋە تەلىملىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇنىڭ «مۇقەددەس كىتاپ تارىختا ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دىگەن تۆھمەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئىككىسى پۈتۈنلەي ئىككى ئىشتۇر.

● ھالبۇكى، مۇھەممەتنىڭ دىگىنى بۇيىچە بولغاندا، قۇرئاننى خۇدا بىۋاستە مۇھەممەتكە ۋەھى قىلمىغان، بەلكى «جەبرائىل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەرىشتە ئاسماندىكى بىر تاش تاختايغا ئالللىبۇرۇن پۈتۈلۈپ بولغان قۇرئاننى سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ جۈملە مۇھەممەتكە ئوقۇپ بەرگەن. باشقىلار مۇھەممەتنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرنى يېزىۋالغان، كېيىنكىلەر ئۇلارنى رەتلەپ كىتاپ قىلغان. ئەگەر قۇرئان راستىنلا ئاسماندىكى تاختايغا پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنداقتا يەر يۈزىدىكى قۇرئانلاردا ھېچقانداق خاتالىق ۋە پەرق كۆرۈلمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئازراقلا پەرق كۆرۈلسە، بۇ مۇھەممەتنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىنى، قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

## قۇرئاندىكى تاشقى زىددىيەتلەر

| قۇرئان | ئوبيېكتىپ پاكىت |
|---|---|
| بىر ئانا چۈمۈلە مۇنداق دەيدۇ: «ھەي چۈمۈلىلەر، تىز ئۇۋۇاڭلارغا كىرىپ كىتىڭلار، بولمىسا سولايمان ۋە ئۇنىڭ زور قوشۇنى تەرىپىدىن دەسسىلىپ كىتىسىلەر!» سولايمان ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرەيدۇ. (قۇرئان 19،18 :27) | چۈمۈلە ئاۋاز ئارقىلىق ئەمەس بەلكى پۇراق ۋە پۇراش سىزىمى ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ سولايمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى توغرۇلۇق بۇنداق گەپلەرنى قىلالىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى سولايماننىڭ ئاڭلىيالىشى، ئىلمىيەنگە زىت. |

| | |
|---|---|
| ئاللا ئېغىر مەسئۇلىيەتنى زىمىن ۋە تاغلارغا تاپشۇردى، ئەمما ئۇلار بۇ مەسئۇلىيەتنى كۆتىرىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ مەسئۇلىيەتتىن قورقىدۇ. (قۇرئان 33:72) | زىمىن ۋە تاغلار ئۆلۈك جىسىمدۇر، ئۇلار مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ، ئۇلاردا قورقۇنۇچ ھېسسىياتىمۇ بولمايدۇ. |
| ئاللا زىمىننىڭ تەۋرەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تاغلارنى ئورۇنلاشتۇردى.<br>(قۇرئان 16:15 ، 21:31 ، 31:10) | تاغلارنىڭ يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى يوق. بۇ سۆزلەر ئىلمىپەنگە ئۇيغۇن ئەمەس. |
| ئاللا بارلىق جانلىقنى جۈپى بىلەن ياراتقان.<br>(قۇرئان 51:49) | بەزى جانلىقلارنىڭ جۈپى بولمايدۇ، پەقەت بىرلا جىنسلىقتۇر. |
| ئەرلەرنىڭ مەنى سۇيۇقلىقى ئادەمنىڭ ئومورتقا ۋە قوۋۇرغا سۆڭىكى ئارىسىدىن كېلىدۇ. (قۇرئان 86:6،7) | ئەرلەرنىڭ مەنى سۇيۇقلىقى ئومۇرتقا ۋە قوۋۇرغا ئارىسىدىن كەلمەيدۇ. |
| ● پىرئەۋن: مەن چوقۇم سىلەرنى كىرىستقا مىخلىتىمەن- دەيدۇ.<br>(قورئان 7:124 ، 26:49)<br>● يۈسۈپ تۈرمىدىكى ئىككى ئادەمگە مۇنداق دەيدۇ: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بىرىڭلار كىرىستقا مىخلىنىپ ئۆلتۈرىلىدۇ.<br>(قۇرئان 12:41) | ● مۇسانىڭ دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 15-ئەسىر) ۋە يۈسۈپنىڭ دەۋرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 19-ئەسىرلەردە)، مىسىردا كىرىستقا مىخلايدىغان بۇنداق جازا يوق ئىدى.<br>● كىرىستقا مىقلايدىغان جازا مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاندىن پىرسىيەدە بارلىققا كەلگەن، كېيىن رىم ئىمپېرىيىسىدە كەڭ قوللىنىلغان.<br>(بۈيۈك بىرىتانىيە قامۇسى) |
| پىرئەۋن خۇمداندا كىسەك قويۇپ بىنا سېلىشنى بۇيرۇيدۇ. (قۇرئان 28:38) | قەدىمقى مىسىرلىقلار كىسەكتە ئەمەس بەلكى تاشتا بىنا سالاتتى.<br>(Manual of Egyptian Archaeology, G Maspero, H Grevel) |

| | |
|---|---|
| ● ئادەمنىڭ هامىلدار بولغاندىن تارتىپ تاكى سۈتى توختىتىغىچە بولغان ۋاقىت جەمئىي 30 ئاي بولىدۇ. (قۇرئان 46:15)<br><br>● ئادەمنىڭ سۈتى توختايدىغان ۋاقىت ئىككى يىل ئىچىدە بولىدۇ. (قۇرئان 31:14) | ئادەمنىڭ هامىلدارلىق مەزگىلى 6 ئاي ئەمەس. |
| ● قۇياش غەرپكە پاتقاندىن كېيىن بىر قارا پاتقاقلىققا كىرىپ كېتىدۇ. (قۇرئان 18:86)<br><br>● قۇياش تىز يۈرۈپ، بەلگىلەنگەن بىر جايغا بارىدۇ. (قۇرئان 36:38) | قوياش غەرپتىكى بىر قارا پاتقاقلىققا پېتىپ كەتمەيدۇ، بەلگىلەنگەن بىر جايغىمۇ بارمايدۇ.<br><br>قۇياش يەرشارىنى ئايلانمايدۇ، بەلكى يەرشارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سەۋەبىدىن كېچە-كۈندۈز هادىسىسى يۈز بېرىدۇ. |
| گۈلدۈرماما ئاللانىڭ ئۇلۇغلىقىنى مەدھىيەلەيدۇ، پەرىشتىلەر ئاللادىن قورققاچقا ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. ئۇ چاقماق چاقتۇرۇپ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.<br><br>(قۇرئان 13:13) | ● گۈلدۈرماما بولۇتلار ئارىسىدىكى زەرەتلەرنىڭ تەسىرلىشىشى بىلەن پەيدا بولغان ئاۋاز.<br><br>● گۈلدۈرماما ۋە چاقماق خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئەمەس. |
| ئىبراهىم بىلەن ئىسمائىل مەككىدىكى كەبىنىڭ ئۇلىنى تۇرغۇزغان. (قۇرئان 2:127) | ئىبراهىم پەيغەمبەر ئەزەلدىن سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككىگە بېرىپ باقمىغان. ئەمەلىيەتتە كەبىنىڭ سېلىنغان ۋاقتى ئىسلام دىنى پەيدا بولغان دەۋرلەردىن بەك بۇرۇن ئەمەس.<br><br>( ئەنۋەر جۇدىنىڭ «مىزان ئەل ئىسلام» دىگەن ئەسىرىنىڭ 170-بېتىدە، مىسىرنىڭ ئەڭ داڭلىق ئەرەپ ئەدەبىياتشۇناسى بولغان پىرافىسسور تاها هۆسەيىن دوكتۇرنىڭ سۆزىنى نەقىل ئالىدۇ) |

| | |
|---|---|
| • ئاللا زىمىننى كەڭ يايىدۇ. (قۇرئان 50:7)<br>• يەر يۈزىنى يايىدۇ. (قۇرئان 79:30)<br>• يەر يۈزى قانداق يېيىلغان. (قۇرئان 88:20) | • يەرشارى تەكشى ئەمەس، بەلكى يومىلاق بولۇپ، ئالەم بوشلۇقىدا تۇرىدۇ.<br>• مۇقەددەس كىتاپتا مۇنداق دېيىلگەن:<br>○ خۇدا زىمىن شارىنىڭ يوقۇرسىدا تۇرىدۇ. (يەشايا پەيغەمبەر 40:22)<br>○ خۇدا زىمىننى مۇئەللەققە ئېسىپ قويغان. (ئايۇپ پەيغەمبەر 26:7) |

**قۇرئان ئىلمىيەندىنمۇ يوقىرى ئىلمىيەنمۇ؟**

• بەزى مۇسۇلمانلار تار نەزەر دائىرىسى بىلەن قۇرئاندىكى ئايەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىلمىيەندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇلار مىسال قىلغان ئايەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە مەنىسى بار دىيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنداق تار نەزەر دائىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر بىۋاستە، روشەن ھەم قىلچە گۇمانسىز ھالەتتە ئوتتۇرغا چىققان بولماستىن، بەلكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ «قىزىشى» ئارقىلىق پەيدا بولغان دىيىشكە بولىدۇ. ئەگەر خۇدا قۇرئاننىڭ ئىلمىيەندىنمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلماقچى بولسا، نىمە ئۈچۈن ئۇنى بىۋاستە، روشەن ۋە قىلچە گۇمانسىز بولغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىمەيدۇ؟

• مۇھەممەتتىن 1400 يىل ئۆتكەندىن كىيىن، 1970-يىللارغا كەلگەندە، ئاندىن بىر قىسىم مۇسۇلمانلار قۇرئاننى ئىلمىيەندىنمۇ ئۈستۈن دەپ جاكارلايدۇ. ئىلمىيەن يېڭى شەيئى ئەمەس. ئىگىزىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئەمىلىيەتتە يىقىنقى دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار سىرتقا دىن تارقىتىش جەريانىدا كىشلەرنىڭ قۇرئاندىن گۇمانلانغانلىقىنى كۆرىدۇ، شۇڭا ئىلمىيەنگە چوقۇنىدىغان ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن يېڭىچە «ئىسپات» لارنى تېپىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

• قۇرئان 18:86 دە، قۇياشنىڭ پاتىدىغان جايغا بېرىپ بىر قارا پاتقاقلىققا كىرىپ كەتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىلمىيەنگە خىلاپ، چۈنكى ئەمىلىيەتتە قۇياش يەرشارىنى ئايلانمايدۇ، بەلكى يەرشارى ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ. قۇياشنىڭ يەرشارىدىكى بىر پاتقاقلىققا پېتىپ كىتىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار مانا

مۇشۇنداق ئىلمىيەنگە خىلاپ بولغان ئايەتلەرنى يۇشۇرۇن مەنىدە، غايىبانە ئالامەت دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

• تاللاشچانلىقتا ئىگە بولغان چۈشەندۈرۈشلەر ئارقىلىق ھەرقانداق بىر نەزىرىيەنى ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولىدۇ ئەلۋەتتە.

## قۇرئاننىڭ «مۇقەددەس كىتاپ» بىلەن بولغان زىددىيىتى

• قۇرئان ئۆزىنى «مۇقەددەس كىتاپ» (تەۋرات، ئىنجىل) نى ئىسپاتلايمەن دەپ جاكارلايدۇ. قۇرئان «مۇقەددەس كىتاپ» نىڭ نوپۇزى ۋە ھەقلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

• ئەمما قۇرئاندا ئىپادىلەنگەن دىنى ئەقىدە، تەلىملەر ۋە تارىخى خاتىرىلەر بىلەن «مۇقەددەس كىتاپ» تىكى ئالاقىدار مەزمۇنلار زىت كېلىدۇ.

• شۇڭا شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى: قۇرئان ئۆز ئىچىدىن زىددىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ خۇدانىڭ ۋەھىيسىدىن كەلگەن بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

• مۇھەممەتنىڭ «مۇقەددەس كىتاپ» قا بولغان بىلىمى تولىمۇ ئاز بولۇپ، ئۆزىنىڭ خىيالىدا مۇقەددەس كىتاپتىن كەلگەن دەپ قارىغان مەزمۇنلارنى سۆزلەيدۇ. قورئاندىكى تەۋراتقا مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر، مەسىلەن يۈسۈپ، مۇسا، داۋۇت، سولايمان، ئايۇب، يۇنۇس قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ھىكايىلەرنىڭ باش-ئاخىرى يوق، ئالدى-كەينى ماسلاشمىغان، تاغدىن-باغدىن سۆزلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئاننى شەرھىلىگۈچىلەر دائىم تەۋراتنى نەقىل ئېلىپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

• مۇقەددەس كىتاپنىڭ قۇرئانغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئاساسى بار. چۈنكى زامان ۋە ماكان جەھەتتە ئۇ ئۆزى خاتىرىلىگەن تارىخى ۋەقەلىكلەرگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ (قۇرئاندىن نەچچە يۈز يىل ھەتتا نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن يېزىلغان)، خاتىرىلەنگەن مەزمۇنلار تېخىمۇ تولۇق ۋە تەرتىپلىك بولۇپ، تارىخقا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

- قۇرئان بىلەن «مۇقەددەس كىتاپ» نىڭ ماس كەلمەيدىغان جايلىرى
    - ئېتىقات ۋە ئىدىيەدىكى پەرقلەر
        - تەۋراتتىكى قۇربانلىقنىڭ ھەقىقى مەنىسى
        - ئەيسا مەسىھكە ئائىت خاتىرىلەر
            - ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھى ماھىيىتى
            - ئەيسا مەسىھنىڭ كىرستكە مىخلىنىشى

□ ئەيسا مەسىھنىڭ «خۇدانىڭ ئوغلى» دىگەن نامى

□ ھەزرىتى ئەيسانىڭ «مەسىھ» دىگەن نامى

■ خۇدانىڭ خاراكتىرى

■ ئادەمنىڭ چۈشكۈنلىششى ۋە گۇناھكار تەبىئىتى

■ ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇلۇشقا بولغان ئېھتىياجى ۋە قۇتقۇزۇلۇش يولى

## قۇرئان ۋە مۇقەددەس كىتاپتىكى تارىخى خاتىرىلەردىكى پەرقلەر

| قۇرئاندىكى خاتىرىلەر | مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەر |
|---|---|
| **قۇرئاندا سائۇل، داۋۇت، گىدىيون، گولىيات قاتارلىق تارىخى شەخسلەر ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن** | |
| • پەيغەمبەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمىغان.<br>(قۇرئان 2:246-248 ) | • پەيغەمبەرنىڭ نامى سامۇئىل.<br>(سامۇئىل پەيغەمبەرI 9:15-17 ) |
| ------ | ------ |
| • ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى پادىشاھى تارۇت. (قۇرئان 2:247،249) | • ئىسرائىللارنىڭ تۇنجى پادىشاھى سائۇل.<br>(سامۇئىل پەيغەمبەرI 10:1،24،25 ) |
| ------ | ------ |
| • ئىسرائىللارنىڭ ئۆزگە پادىشاھ تىكلەشنى تەلەپ قىلىش سەۋەبى، ئاللا ئۈچۈن جەڭ قىلىش ئىدى.<br>(قۇرئان 2:246) | • ئەينى ۋاقىتتا ئىسرائىللارنىڭ ئۆزگە پادىشاھ تىكلەشنى تەلەپ قىلىش سەۋەبى، سامۇئىل پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىنىڭ خۇدانىڭ يولىنى تۇتمىغانلىقى ۋە ئىسرائىللارنىڭ باشقا دۆلەتلەرگە ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان. (سامۇئىل پەيغەمبەر 8:4،5) |
| ------ | ------ |
| • مۇسا ئۆلگەندىن كېيىن، بىر پەيغەمبەر ئىسرائىللاردىن، ئەگەر جىھاد ئۇلار ئۈچۈن پەرز قىلىنغان بولسا، ئۇلارنىڭ جەڭ قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ دەپ سورايدۇ. (قۇرئان 2:246) | • ئىسرائىللارنىڭ مىسىردىن ئايرىلىشى خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن مىسىرنىڭ قۇللىقىدىن قۇتۇلۇپ، خۇدا ۋەدە قىلغان يېڭى زېمىنغا كىرىش ئۈچۈندۇر. |

| | |
|---|---|
| ● ئاللا ئىسرائىللارغا ئاللا ئۈچۈن جىھاد قىلىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. (قۇرئان 2:224) | ھەرگىزمۇ جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇلار مىسىردىن ئايرىلغاندا مىسىرلىق قوشنىلىرى تېخى ئۇلارغا ئالتۇن-كۈمۈش ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى بېرىدۇ. (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 12:35،36 ، 15:1،2 ) |
| ● ئىسرائىللارنىڭ ئاقساقاللىرى، تارۇت پادىشاھ بولۇشقا لايىق ئەمەس، دەيدۇ. (قۇرئان 2:247) | ● كۆپ قىسىم ئىسرائىللار سائۇلنىڭ پادىشاھ بولغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، پەقەت بىر قىسىم باندىت-قاراقچىلارلا ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ. (سامۇئىلI 10:24،27 ) |
| ● تارۇت سەلتەنىتىنىڭ بىشارىتى، ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىغا چۈشىشىدۇر. (قۇرئان 2:248) | ● فىلىستىنلار بۇلاپ كەتكەن ئەھدە ساندۇقى قايتۇرۇپ كېلىنىپ، خېلى ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن سائۇل پادىشاھ بولىدۇ. (سامۇئىلI 5،6،7،8 ) . قۇرئان مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىنى 20-30 يىل قىسقارتىۋېتىدۇ، ھەمدە دۆلەت سەلتەنىتىنىڭ بەلگىسى ئەھدە ساندۇقىنىڭ ئىسرائىللار ئارىسىغا چۈشىشى دەيدۇ، بۇلار مۇقەددەس كىتاپتىكى خاتىرىلەرگە ماس كەلمەيدۇ. |
| ● تارۇت قوشۇنىنى باشلاپ جەڭگە چىققاندا ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: ئاللا بىر دەريا بىلەن سىلەرنى سىنىماقچى، كىم دەريانىڭ سۈيىنى ئىچسە، شۇ ئۇنىڭغا تەۋە ئەمەس؛ كىم دەريانىڭ سۈيىنى ئىچمىسە، شۇ ئۇنىڭغا تەۋە. قولى بىلەن سۇنى چايقىتىپلا قويغانلار بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلار بولمايدۇ؛ كېيىن ئاز ساندىكى ئادەملەردىن باشقا ھەممىسى دەريا سۈيىنى ئىچىدۇ. (قۇرئان 2:249) | ● دەريا سۈيى بىلەن ئەسكەرلەرنى سىنايدىغان بۇ ۋەقە سائۇل پادىشاھنىڭ ۋاقتىدا ئەمەس، بەلكى گىدېيوننىڭ ۋاقتىدا يۈز بېرىدۇ (سەردارلار 7). قۇرئان بۇ ئىككى ئادەمنى ئالماشتۇرۇپ قويغان. گىدئون مىلادىدىن بۇرۇنقى 1160-يىلى ئىسرائىللارغا يېتەكچىلىك قىلىپ فىلىستىنلىكلەر بىلەن جەڭ قىلغان، سائۇل (قۇرئاننىڭ ئاتىشى بويىچە تارۇت) بولسا مىلادىدىن بۇرۇنقى 1050-يىلى ئىسرائىللارغا يېتەكچى بولۇپ ئاممونلار بىلەن جەڭ قىلغان. |

| | |
|---|---|
| ------ <br><br>• چاروت فىلىستىنلىكلەرنىڭ قوشۇنىغا رەھپەرلىك قىلىدۇ. تارۇتنىڭ بىرىنچى قېتىملىق جېڭىدە، داۋۇت چاروتنى ئۆلتۈرىدۇ.<br>(قۇرئان 2:251)<br><br>• قۇرئاندا سائۇل (تارۇت)، داۋۇت، گىدىيون، گوللىيات (چارۇت) قاتارلىق ئوخشىمىغان دەۋردە يۈز بەرگەن ئىش ۋە ئادەملەرنى ئارلاشتۇرۋەتكەن. | ------ <br><br>• گوللىيات (قۇرئاندا چاروت دېيىلگەن) فىلىستىن قوشۇنىنىڭ رەھبىرى ئەمەس، بەلكى بىر جەڭچىسى. (سامۇئىلI 17)<br>• سائۇل (تارۇت) نىڭ بىرىنچى قېتىملىق جېڭىدە گوللىيات ياكى فىلىستىنلىكلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاممونلار بىلەن جەڭ قىلغان (سامۇئىلI 11). ئىسرائىللار-داۋۇت بىلەن فىلىستىنلىكلەر-گوللىيات ئوتتورىسىدىكى جەڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 1025-يىلى يۈز بەرگەن. (سامۇئىلI 16.17) |
| **قۇرئاندا مۇسا ۋە سامارىيەلىكلەر ئارلاشتۇرۋېتىلگەن** | |
| • ئاللا مۇساغا مۇنداق دەيدۇ: سەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن سىنىڭ قەۋمىڭنى سىنايمەن، سامىرىلار (مۇقەددەس كىتاپتا سامارىيەلىكلەر دېيىلگەن) ئۇلارنى ئېزىقتۇرۇپ كەتتى ... بۇ چاغدا مۇسانىڭ قەۋمى مۇنداق دەيدۇ: بىز مىسىردىن ئېلىپ چىققان زىبۇ-زىننەتلەرنى ئېغىر كۆرۈپ تاشلىدۇق، سامىرىلارمۇ شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر مۇزاي مەبۇد ياساپ، ئۇنى ئىلاھ دىدى. (قۇرئان 20:85-88 )<br><br>• مۇسا مۇنداق دەيدۇ: ئەي سامىرىلار، سىلەرگە نىمە بولدى؟ (قۇرئان 20:95)<br><br>• سامىرىلار مۇنداق دەيدۇ: ... سەن ئىخلاس قىلغان ئىلاھقا قارا، بىز چوقۇم ئۇنى كۆيدۈرۈپ، ئاندىن دېڭىزغا چاچىمىز. (قۇرئان 20:97) | • مۇسا پەيغەمبەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 15-ئەسىردە ئۆتكەن ئادەم. (تەۋرات)<br>• سامارىيە شەھرى بولسا مىلادىدىن بۇرۇنقى 870-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئىسرائىلىيە پادىشاھى تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەھەر.<br>(پادىشاھلارI16:24 )<br>• سامارىيە مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى: مىلادىدىن بۇرۇنقى 722-يىلى شىمالى ئىسرائىلىيە دۆلىتى ھالاك بولغاندىن كېيىن، ئاسسۇرىيە پادىشاھى سارگون II كۆپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغان يات مىللەتلەرنى سامارىيە شەھەرلىرىگە كۆچۈرۈپ كىلىدۇ (پادىشاھلارII 17:24) ، ئۇلار تەدرىجى ئىسرائىللار بىلەن سىڭىشىپ كىتىدۇ، شۇنداق قىلىپ يېڭى بىر مىللەت سامارىيەلىكلەر پەيدا بولىدۇ.<br>• مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ۋاقتىدا سامارىيەلىكلەرنىڭ بولىشى مۇمكىن |

| | |
|---|---|
| | ئەمەس ئىدى، چۈنكى مۇسادىن 700 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن سامارىيە مىللىتى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.<br>● مۇقەددەس كىتاپتا سامارىيەلىكلەرنىڭ مۇزايغا چوقۇنغانلىقى خاتىرلەنگەن. (ھۇشئا پەيغەمبەر 8:5،6)<br>● قۇرئاندا ھۇشئا پەيغەمبەر خاتىرلىگەن سامارىيەلىكلەرنىڭ مۇزايغا چوقۇنغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇن بىلەن مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدىكى ئىسرائىللارنىڭ مۇزايغا چوقۇنغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك ئارلاشتۇرۋېتىلگەن.<br>● دىمەك قۇرئاندا مۇسا پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭدىن 700 يىل كېيىن شەكىللەنگەن سامارىيەلىكلەرگە ئائىت ۋەقەلىكلەر ئارلاشتۇرۋېتىلگەن. |
| **قۇرئاندا ئوخشىمىغان ئىككى دەۋردە ياشىغان ئىككى مەريەم ئارلاشتۇرۋېتىلگەن** | |
| ● مۇسانىڭ ئاكىسى ھارۇن. (قۇرئان 20:25ـ30)<br>● مەريەم ھارۇننىڭ سىڭلىسى. (قۇرئان 19:27،28)<br>● ئىمراننىڭ ئايالى تۇققان بالىنىڭ ئىسمى مەريەم ئىدى.(قۇرئان 3:35،36)<br>● مەريەم ئەيسا مەسىھنى تۇغىدۇ. (قۇرئان 3:45)<br>● ئىمراننىڭ قىزى مەريەم. (قۇرئان 66:12) | ● ھارۇننىڭ سىڭلىسى مەريەم ئايال پەيغەمبەر ئىدى. (تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 15:20)<br>● مۇسا، ھارۇن ۋە مەريەم ئىمراننىڭ بالىلىرى. (تەۋرات ـ نوپۇس سانى 26:59)<br>● قۇرئان ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى مەريەم بىلەن ئۇنىڭدىن 1500 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى (مۇسا ۋە ھارۇننىڭ سىڭلىسىنى) ئارلاشتۇرۋەتكەن. |
| **قۇرئاندىكى مەريەمنىڭ تۇرمۇشى مۇقەددەس كىتاپتىكىدىن پەرقلىنىدۇ** | |
| ● ئۇلار چەك تارتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مەريەمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەمنى تاللايدۇ. بۇنىڭغا زەكەرىيا تاللىنىدۇ. | ● زەكەرىيا مەريەمنىڭ ھامىسى ياكى ئۆگەي دادىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاچىسىنىڭ ئېرىدۇر. (ئىنجىل ـ لۇقا 1:39، 40) |

| | |
|---|---|
| (قۇرئان 3:44)<br>• زەكەرىيا مەريەمنى باقىدۇ.<br>(قۇرئان 3:37)<br>• زەكەرىيا ھەر قېتىم مەريەمنىڭ ھوجرىسىغا كىرگەندە، ئاللانىڭ ئۇنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى كۆرىدۇ.<br>(قۇرئان 3:37) | • ئىنجىلدا مەريەمنى بولغۇسى ئېرى يۈسۈپ ئەمرىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ دېيىلگەن.<br>• ئەمەلىيەتتە قۇرئاندىكى ھېكايىلەر ساختا ئىنجىل « The Gospel of James» ۋە مىسىر رىۋايەتلىرى «History of the Virgin» دىن كەلگەن. |
| **قۇرئاندا پىرئەۋن، ھامان ۋە بابىل مۇنارىنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن** | |
| • ھامان مىسىر پىرئەۋنىنىڭ ۋەزىرى ئىدى.<br>(قۇرئان 28:8)<br>• پىرئەۋن ھامانغا كىسەك بىلەن ئاسمان پەلەك ئېگىز مۇنار ياسىتىپ موسانىڭ ئىلاھىنى كۆرۈپ باقماقچى بولىدۇ.<br>(قۇرئان 28:38 ، 40:36،37)<br>• ئاللا قارۇن، پىرئەۋن ۋە ھامانى ھالاك قىلغان ئىدى. (قۇرئان 29:39)<br>• ئاللا مۇسانى پىرئەۋن، ھامان ۋە قارۇننى دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.<br>(قۇرئان 40:23،24) | • ھامان پارس (ئېران) پادىشاھى ئاھاشىرۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىرى.<br>(ئېستەر 3:1)<br>• پارس (ئېران) بىلەن مىسىرنىڭ ئارلىقى خېلىلا يىراق.<br>• مۇسا ۋە پىرئەۋنىنىڭ ياشىغان ۋاقتى ھاماندىن 1100 يىل بۇرۇن.<br>(تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 1،2)<br>• ئاسمان پەلەك ئېگىز مۇنار ياسايدىغان ۋەقەلىك مۇسادىن 700 يىل بۇرۇنقى بابىل شەھرىدە يۈز بەرگەن.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 11:3،4،9)<br>• قۇرئان مۇسا ۋە مىسىر پىرئەۋنى بىلەن ئۇلاردىن 700 يىل بۇرۇن بابىلدا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن.<br>• قۇرئان مۇسا ۋە پىرئەۋن بىلەن ئۇلاردىن 1100 يىل كېيىن ياشىغان پارس پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى ھامانى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن. |

| ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى | |
| --- | --- |
| ئۇ ياش-ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە قەۋمدىكىلەر ئۇنى ئىبراھىم دەپ ئاتايتى.<br>(قۇرئان 21:60) | • ئىبراھىمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابرام بولۇپ، ئۇ 99 ياش ۋاقتىدا خۇدا ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئابراھام دەپ ئۆزگەرتىدۇ. ئابراھام نىڭ مەنىسى «مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى» دىگەنلىكتۇر.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 17:1-5 )<br>• ئىبراھىم پەيغەمبەر قىرىغان ۋاقتىدا خۇدا تەرىپىدىن قويۇلغان «ئابراھام» دىگەن ئىسمنى، قۇرئان «ئىبراھىم» دەپ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ھەمدە خاتا ھالدا، ئۇ ياش-ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا شۇنداق ئاتىلاتتى دەيدۇ. |
| **نوھ پەيغەمبەر دەۋرىدىكى خۇدانىڭ ئەلچىلىرى (روسۇللىرى) ؟** | |
| • نوھنىڭ قەۋمى خۇدانىڭ ئەلچىلىرىنى (روسۇللىرىنى) ئىنكار قىلغاچقا، ئاللا ئۇلارنى تۇپان بالاسى بىلەن سۇغا غەرق قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ.<br>(قۇرئان 25:37 ، 26:105)<br>• ئاللا پەقەت نوھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىلا تۇپان بالاسىدىن ساقلاپ قالىدۇ.<br>(قۇرئان 21:76 ، 37:75-77 ) | • تۇپان بالاسى كىلىشتىن بۇرۇن يەر يۈزىدە پەقەت نوھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرلا ھەققانى ئادەملەر بولۇپ، پەقەت شۇلارلا نوھنىڭ كىمىسىگە چىقىپ ھايات قالىدۇ.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 7:1)<br>• ئەينى ۋاقىتتا يەر يۈزىدە نوھ پەيغەمبەردىن سىرت خۇدانىڭ باشقا ئەلچىلىرى (روسۇللىرى) بولغان ئەمەس. |
| **تۇپان بالاسىدا نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلىنىڭ تەقدىرى** | |
| نوھنىڭ ئوغلى تۇپان بالاسىدا سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلىدۇ. (قۇرئان 11:42-46 ) | نوھنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى كىمىگە چىقىپ تۇپان بالاسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلمەيدۇ.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 6:18 ، 7:7 ، 8:18 ، 10:1 ؛ ئىنجىل-پېتروس يازغان بىرىنچى خەت 3:20) |

| | |
|---|---|
| **نوھنىڭ كېمىسى توختىغان جاي** | |
| تۇپان بالاسى يانغاندىن كېيىن، نوھنىڭ كېمىسى جۇدى تېغىنىڭ ئۈستىدە توختايدۇ. (ھازىرقى تۈركىيە بىلەن سۇرىيە چېگرىسىدا)<br>(قۇرئان 11:44) | تۇپان بالاسى يانغاندىن كېيىن، نوھنىڭ كېمىسى ئارارات تېغىنىڭ ئۈستىدە توختايدۇ. (ھازىرقى تۈركىيە بىلەن ئەرمەنىيە چېگرىسى ئارلىقىدىكى تاغلار، تۈركچە ئاغرى تېغى دېيىلىدۇ)<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 8:4) |
| **نوھنىڭ ياشىغان ئۆمرى** | |
| نوھ ئۆز قەۋمىدە 950 يىل تۇرىدۇ، ئاندىن تۇپان بالاسى يېتىپ كېلىدۇ.<br>(قۇرئان 29:14) | نوھ 600 ياشقا كىرگەندە تۇپان بالاسى يېتىپ كېلىدۇ. تۇپان بالاسىدىن كېيىن ئۇ يەنە 350 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 950 ياشقا كىرگەندە ئاندىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 9:29) |
| **نوھنىڭ ئايالىنىڭ ئېتىقادى** | |
| نوھنىڭ ئايالى ئىمانسىز ئىدى، ئۇ ئېرىغا سادىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئاللادىن ئۇ ئايالغا كەلگەن جازانى نوھ توساپ قالالمايدۇ.<br>(قۇرئان 66:10) | نوھنىڭ ئايالى ئىمانسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ نوھقا ئەگىشىپ كېمىگە چىقىپ تۇپان بالاسىدا ھايات قالغانلارنىڭ بىرى.<br>(تەۋرات - ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 8:15-18) |
| **سولايمان ۋە شبا دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھى** | |
| • سولايمان پادىشاھنىڭ قوشۇنى جىنلار، ئادەملەر ۋە قۇشلاردىن تەشكىللەنگەن.<br>(قۇرئان 27:17) | • شىبانىڭ ئايال پادىشاھى سولايمان پادىشاھنىڭ خۇداغا تايىنىپ زور شان-شەرەپ قازانغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قىيىن سوئاللار بىلەن سىنىماقچى |

| | |
|---|---|
| ● سولايمان ھۆپۈپ بىلەن سۆزلىشىدۇ، ئۇ قۇش ئارقىلىق شىبا دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھىغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئايال پادىشاھ كېلىپ سولايماننىڭ ئەينەك بىلەن سېلىنغان ئوردىسىنى كۆرۈپ، ئاللاغا ئىمان ئېيتىدۇ.<br>(قۇرئان 27:21ـ44 )<br>● قۇرئاندا دېيىلگەن يوقۇرقى ۋەقەلىكلەر قىلچە تارىخى ئاساسى بولمىغان ئەپسانىلەر بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا يەھۇدىلار ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن كەلگەن.<br>(The Targum of Esther-Second) | بولۇپ كېلىدۇ. سولايمان ئۇنىڭ سوئاللىرىنىڭ ھەممىسىگە جاۋاپ بېرىدۇ. ئايال پادىشاھ ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە قايىل بولىدۇ، ھەم ئۇ سالغۇزغان ھەيۋەتلىك ئوردا سارايلارنى كۆرۈپ، خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: خۇدا سولايماندىن خۇرسەن بولغاچقا، ئۇنى ئىسرائىللارنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ.<br>(پادىشاھلار تەزكىرىسىI 10:1ـ9 ، تارىخنامە 9:1ـ9 )<br>● قۇرئاندا شىبا ئايال پادىشاھىنىڭ نىمە ئۈچۈن سولايمان پادىشاھ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكى ۋە ئۇ يەردە بولغان ئىشلارنى خاتا چۈشەندۈرگەن. |
| **ئىزرا (ئۇزەئىر) خۇدانىڭ بالىسىمۇ ؟** | |
| يەھۇدىلار ئۇزەئىرنى (مۇقەددەس كىتاپتا ئىزرا) ئاللانىڭ بالىسى دەيدۇ.<br>(قۇرئان 9:30، بۇخارى ھەدىسلىرى 6:60:105) | يەھۇدىلاردا ئەزەلدىن «ئىزرا خۇدانىڭ بالىسى» دەيدىغان بۇنداق ئېتىقات بولۇپ باقمىغان. مەيلى تەۋرات قاتارلىق كونا ئەھدە دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان مۇقەددەس يازمىلار بولسۇن، ياكى يەھۇدىلارنىڭ تالمۇد، مىشناھ قاتارلىق كېيىنكى دىنى كىتاپلىرى بولسۇن، ھېچقانداق يەردە «ئىزرا خۇدانىڭ بالىسى» دەيدىغان خاتىرە يوق. بۇ يەھۇدىلارغا قىلىنغان تۆھمەت. |

<table dir="rtl">
<tr><th colspan="2">مۇزايىنىڭ ئاۋازىنى چىقىرالايدىغان مۇزاي ھەيكىلى.</th></tr>
<tr>
<td>• مۇسا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەۋمى زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن مۇزايىنىڭ ئاۋازىنى چىقىرالايدىغان بىر مۇزاي بۇت ياسايدۇ.<br>(قۇرئان 7:148 ، 20:88)<br>• قۇرئاندىكى بۇ خاتىرە رىۋايەت-ئەپسانىلەر توپلىمى بولغان Pirqey Rabbi Eli’ezer نىڭ 45-بابىدىن كەلگەن.</td>
<td>• ئىسرائىللارنىڭ ئالتۇندىن مۇزاي ھەيكىلى ياسىغانلىق ۋەقەسى تەۋراتنىڭ مىسىردىن چىقىش 32-بابىدا خاتىرلەنگەن، ئەمما مەزمۇنى قۇرئانغا ئوخشىمايدۇ.<br>• بۇت ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ئادەمنىڭ قولىدا ياسىلىدۇ، ئاغزى بولسىمۇ سۆزلىيەلمەيدۇ، كۆزى بولسىمۇ كۆرەلمەيدۇ. (زەبۇر 115:4،5)<br>• ئادەم بۇدتىن تىلىسىمۇ، ئۇ جاۋاپ قايتۇرالمايدۇ، ئىنسانىنى كۈلپەتلەردىن قۇتقۇزالمايدۇ. (يەشەيا پەيغەمبەر 46:7)<br>• بۇت سۆزلىيەلمەيدۇ، ماڭالمايدۇ، ئۇنى ئادەملەر كۆتىرىشى كېرەك. (يەرەمىيا پەيغەمبەر 10:5)<br>• قۇرئان خاتا ھالدا ئىسرائىللار ياسىغان مۇزاي بۇتنى ئاۋاز چىقىرالايتى دەپ خاتىرلىگەن.</td>
</tr>
<tr><th colspan="2">خۇدانىڭ يەھۇدىلارغا چۈشۈرگەن يېمەكلىك جەھەتتىكى پەرزلىرى</th></tr>
<tr>
<td>• ئاللا يەھۇدىلارنى ئەسلىدە روخسەت قىلغان نۇرغۇن ياخشى يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ناھەق ئىشلارنى كۆپ قىلغانلىقى ۋە باشقىلارنى ئاللانىڭ يولىغا كىرىشتىن توسقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.<br>(قۇرئان 4:160)<br>• ئاللا يەھۇدىلارنى تويىقى ئاجرالمىغان بارلىق ھايۋانلارنى يېيىشتىن چەكلەيدۇ. يەنە قوي-كالىلارنىڭ دۇمبە ۋە</td>
<td>• خۇدانىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىسرائىللارغا تۈرلۈك پەرزلەرنى ئۆگىتىشى، ئۇلارنىڭ ناھەق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ۋە خۇداغا مەنسۇپ يېڭى بىر مىللەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈندۇر. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 4)<br>• خۇدانىڭ ئىسرائىللارغا ئۆگەتكەن يېمەكلىك جەھەتتىكى پەرزلىرى قۇرئاندىكى بايانلاردىن پەرقلىنىدۇ. (تەۋرات-لاۋىيلار 11)</td>
</tr>
</table>

| | |
|---|---|
| ئۇچىيدىكى مايلاردىن باشقا مايلىرىنى يېيىشتىنمۇ چەكلەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلار ناھەق ئىشلارنى قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا بېرىلگەن جازادۇر. (قۇرئان 6:146) | |
| **ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى** | |
| • ئاللا ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئىسھاق، ياقۇپ، داۋۇت، سولايمان، ئايۇپ، يۈسۈپ، مۇسا، ھارون، زەكەرىيا، يەھيا، ئەيسا، ئىلياس، ئىسمايىل، ئىلىشا، يۇنۇس، لۇت قاتارلىقلارنى يېتەكلىگەن، ئۇلارغا مۇقەددەس كىتاپلارنى بەرگەن.<br>(قۇرئان 89 ـ 6:83 ) | • لۇت ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىنىسى ھاراننىڭ ئوغلىدۇر. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 11:27، 31)<br>• ئايۇپ ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، ئۇ قەدىمقى «ئۆز» دىگەن جايدا ياشىغان ئادەم.<br>(ئايۇپ 1:1)<br>• قۇرئاندا ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەردە خاتالىقلار بار.<br>• خۇدانىڭ ۋەھىسى قۇرئاندا دىيىلگەندەك كىتاپ بېرىش شەكلىدە بولمىغان.<br>(تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە باشقا بارلىق مۇقەددەس كىتاپلاردا ئۇنداق دىيىلمىگەن)<br>• قۇرئاندا خۇدانىڭ يوقۇرقى ئادەملەرگە قايسى كىتاپلارنى بەرگەنلىكىمۇ ئېنىق دىيىلمىگەن. |
| **يۈسۈپ ئەلەيكسالامغا تۈرمىدە ئۆز چۈشىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىككى ئادەم** | |
| • ئىككى ياش يىگىت يۈسۈپ بىلەن بىرگە تۈرمىگە سولىنىدۇ، ئۇلار يۈسۈپكە ئۆزلىرىنىڭ چۈشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.<br>(قۇرئان 12:36) | • تۈرمىدە مىسىر پادىشاھىنىڭ تاماققا مەسئۇل ئەمەلدارى بىلەن شاراپقا مەسئۇل ئەمەلدارى يۈسۈپكە ئۆزلىرى كۆرگەن چۈشىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 40) |

| | |
|---|---|
| | ● يۈسۈپ تۈرمىگە سولىنىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن يوقۇرقى ئىككى ئەمەلدار تۈرمىگە سولىنىدۇ. ئۇلار بىر ۋاقىتتا تۈرمىگە سولانغان ئەمەس.<br>(ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 39:19-40:3 )<br>● مىسىر پادىشاھىنىڭ بۇ ئىككى ئەمەلدارىنىڭ ياش يىگىت بولىشى مۇمكىن ئەمەس.<br>● دىمەك قۇرئاندا، تۈرمىدە يۈسۈپكە چۈشلىرىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىككى ئادەم توغرىسىدىكى خاتىرىدە خاتالىقلار بار. |
| **يەھيا پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى** | |
| ئاللا بىر ئوغۇل بىلەن زەكەرىياغا خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى يەھيا بولۇپ، ئاللا ئىلگىرى ھېچكىمنى ئۇنىڭ بىلەن ئىسمداش قىلىپ باقمىغان.<br>(قۇرئان 19:7) | يەھيا دىگەن ئىسىم ئىسرائىللار ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىم بولۇپ، يەھيا پەيغەمبەردىن ئىلگىرىمۇ يەھيا ئىسىملىك ئادەملەر بولغان. (پادىشاھلار تەزكىرىسىII 25:23) |
| **ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى** | |
| ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئازار ئىدى.<br>(قۇرئان 6:74) | ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى تارا ئىدى.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 11:27، 31) |
| **كىم مۇسانى بالا قىلىپ بېقىۋالىدۇ ؟** | |
| مىسىر پىرئەۋنىنىڭ خوتونى مۇسانى بالا قىلىپ بېقىۋالىدۇ.<br>(قۇرئان 28:9) | مىسىر پىرئەۋنىنىڭ قىزى مۇسانى بالا قىلىپ بېقىۋالىدۇ.<br>(تەۋرات-ئالەمدىن چىقىش 2:10) |

| | |
|---|---|
| **قۇرئاندا مۇسا بىلەن ياقۇپنىڭ ئىشلىرى ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن** | |
| مىدياندىكى ئىككى قىزنىڭ ئاتىسى ئۆزىنىڭ بىر قىزىنى مۇساغا ياتلىق قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما شەرتى مۇسا چوقۇم ئۇنىڭغا 8 يىل ئىشلەپ بېرىشى كېرەك، مۇسا بۇ شەرتكە قوشۇلىدۇ.<br>(قۇرئان 28ـ22:28 ) | • مۇسا مىدياندىكى بىر روھانىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ، مىديان روھانىسى ئۆزىنىڭ زىپپورا ئىسىملىك قىزىنى مۇساغا ياتلىق قىلىپ بېرىدۇ.<br>(تەۋرات ـ مىسىردىن چىقىش 2:16ـ21 )<br>• ياقۇپ لابانىنىڭ قىزى راھىلەنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 7 يىل ئىشلەپ بېرىدۇ.<br>(تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىش 29:18)<br>• قۇرئاندا مۇسا بىلەن ئۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن ياشىغان ياقۇپنىڭ ئىشلىرى ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن. |
| **شەيتان (ئىبلىس) نىڭ پەيدا بولۇشى** | |
| ئاللا بارلىق پەرىشتىلەرنى ئادەم ئاتىغا باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، پەرىشتىلەر شۇنداق قىلىدۇ، پەقەت شەيتان (ئىبلىس) لا بۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ. شۇڭا ئاللا ئۇنى جازالايدۇ.<br>(قۇرئان 2:34 ، 7:11،12 ، 15:28ـ34 ، 17:61ـ63 ، 18:50 ، 38:71ـ78 ) | شەيتان ئەسلى بىر پەرىشتە بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ خۇدا بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرماقچى بولىدۇ. شۇڭا خۇدا تەرىپىدىن جازالىنىدۇ.<br>(يەشايا پەيغەمبەر 17ـ14:12 ) |
| **ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، كىم بىلەن دۈشمەنلىشىدۇ؟** | |
| ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا چەكلەنگەن دەرەخ سەۋەبىدىن گۇناھ ئۆتكۈزگەچكە، ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن چىقىرىۋېتىدۇ، ھەمدە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ ئۆتۈسلەر دەيدۇ.<br>(قۇرئان 2:36 ، 7:24 ، 20:123) | ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا خۇدا چەكلىگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. خۇدا ئادەمنى ئېزىقتۇرغان يىلان(شەيتان) بىلەن ئايالنىڭ ئەۋلادىنى دۈشمەن بولىسلەر دەيدۇ.<br>(تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:14،15) |

<table>
<tr><th colspan="2">ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى ئوغلى توغرىسىدا</th></tr>
<tr>
<td>● ئادەم ئاتىنىڭ بىر ئوغلى ئۆزىنىڭ ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، ئاللا بىر قاغىنى ئەۋەتىپ يەرنى كولاتقۇزىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىنىسىنىڭ جەسىتىنى قانداق كۆمۈشنى بىشارەت قىلىدۇ.<br>(قۇرئان 31-5:27 )<br>● بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىك پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرگەن بىلەن باراۋەر، بىر ئادەمنى قۇتقۇلدۇرغانلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتقۇلدۇرغان بىلەن باراۋەر.<br>(قۇرئان 5:32)<br>يۇقۇرقى ئايەت يەھۇدىيلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت توپلىمى مىشناختىن كۆچۈرۈلگەن.<br>( Mishnah Sanhedrin 4:5)</td>
<td>● ئادەم ئاتىنىڭ چوڭ ئوغلى قابىلنىڭ ئۆز ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋەقەلىك قۇرئاندىكى خاتىرە بىلەن ئوخشمايدۇ.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى ( 4:8-15<br>● قۇرئاندىكى خاتىرە مۇقەددەس كىتاپتىن ئەمەس بەلكى يەھۇدى رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن.<br>( Pirke Rabbi Eliezer 21 ; The Targum of Jonathan ben Uzziah ; The Targum of Jerusalem )</td>
</tr>
<tr><th colspan="2">ئىبراھىم بىلەن ئۈچ يەھۇدى ياشنىڭ ئوتقا تاشلانغانلىق ۋەقەلىكى ئارلاشتۇرۇۋېتىلگەن</th></tr>
<tr>
<td>● ئىبراھىم بۇتقا سەجدە قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ، ئەمما ئاللا ئۇنى قۇتقۇزىۋالىدۇ.<br>(قۇرئان 71-21:51 )<br>● ئىبراھىم ئاتىسى ئازارغا مۇنداق دەيدۇ: سەن بۇتنى ئىلاھ دەمسەن، مىنىڭچە سەن ۋە قەۋمىڭ روشەن ئازغۇنلۇقتا.<br>(قۇرئان 6:74)</td>
<td>● قەدىمقى بابىل دەۋرىدە، بابىللىقلارغا ئەسىرگە چۈشكەن شادرا، مايشەك، ئابىدنىگو قاتارلىق ئۈچ يەھۇدى ياش بۇتقا سەجدە قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بابىل پادىشاھى نەبۇقىت نەزەر تەرىپىدىن يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ. ئەمما خۇدا ئۇلارنى قوتقۇزىۋالىدۇ.<br>(دانىيال پەيغەمبەر 23-3:8 )<br>● قۇرئان مىلادىدىن بۇرۇنقى 21-ئەسىردە ياشىغان ئىبراھىم پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭدىن 1500 يىل كىيىن ياشىغان، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 530-يىللىرى بابىللىقلارغا ئەسىرگە چۈشكەن ئۈچ يەھۇدى ياشنىڭ ۋەقەلىكىنى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن.</td>
</tr>
</table>

| قۇرئان | تەۋرات ۋە ئىنجىل |
|---|---|
| | ● ئەملىيەتتە قۇرئاندىكى بۇ خاتىرلەر مۇقەددەس كىتاپتىن ئەمەس بەلكى خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن يەھۇدى رىۋايەتلىرى «مىدراش رابا» دىن كەلگەن. |
| **لۇت ۋە ئايالىنىڭ سودوم شەھرىدىن ئايرىلىشى** | |
| پەرىشتە لۇتقا ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىشنى، يولدا ئايالىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ كەينىگە قاراپ سالماسلىقنى تاپىلايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئايالى باشقىلار بىلەن بىللە ھالاك بولاتتى. (قۇرئان 11:81) | خۇدانىڭ پەرىشتىسى لۇتقا ئايالى ۋە ئىككى قىزىنى ئېلىپ گۇناھقا پاتقان سودوم شەھرىدىن ئايرىلىشنى، بۇ شەھەرگە كېلىدىغان خۇدانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى، يولدا ئۇلارنىڭ ھەرگىز كەينىگە قاراپ سالماسلىقنى، تۈزلەڭلىككە ئەمەس تاغ تەرەپكە قاراپ قېچىشنى تاپىلايدۇ. ئۇلار شەھەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، خۇدا ئاسماندىن ئوت تاشلاپ سودوم ۋە گومورا شەھىرىنى ھالاك قىلىدۇ. يولدا لۇتنىڭ ئايالى كەينىگە قاراپ سالغاچقا شۇ ھامان تاش تۈزغا ئايلىنىپ قالىدۇ. (تەۋرات ـ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 19:15ـ26 ) |
| **زەكەرىيانىڭ گەپ قىلالماس بولۇپ قالغان ۋاقتى** | |
| ئاللا زەكەرىياغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىش توغرىسىدا خۇش خەۋەر بېرىدۇ، بالىنىڭ ئىسمى يەھيا بولىدۇ، ئەمما زەكەرىيا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللا ئۇنى ئۈچ كۈنگىچە سۆزلىيەلمەس قىلىپ قويىدۇ. (قۇرئان 19:7ـ10 ) | پەرىشتە زەكەرىياغا خۇدانىڭ ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقى، بالىنىڭ ئىسمى يەھيا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ. ئەمما زەكەرىيا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن خۇدا ئۇنى گاچا قىلىپ قويىدۇ، ئۇ تاكى يەھيا تۇغۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا گەپ قىلالمايدۇ. (ئىنجىل ـ لۇقا 1:19، 20) |

# ئىسلام شەرىئىتى بىلەن تەۋرات قانۇنىدىكى پەرقلەر

| ئىسلام شەرىئىتى | تەۋرات قانۇنى |
|---|---|
| ئەمەلىيەتتە قۇرئاندا خەتنە قىلىش توغرىسىدا بەلگىلىمە يوق. باللار قانداق چاغدا خەتنە قىلىنىشى كېرەك توغرىسىدا ئىسلام ئەنئەنىسىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام ئەنئەنىسىدە يەنە قىزلارنى خەتنە قىلىشمۇ رىغبەتلەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ۋە ئىنسانىيلىققا چۈشمىگەن بىر خىل ئادەتتۇر. | ھەربىر ئوغۇل بوۋاق تۇغۇلۇپ 8-كۈنى چوقۇم خەتنە قىلىنىشى كېرەك. بۇ خۇدانىڭ يەھۇدىلار بىلەن تۈزگەن ئەھدىنىڭ بەلگىسىدۇر.<br>(تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 17:10،12 ، لاۋىيلار 12:3) |
| تۆگە گۆشى يېيىشكە بولىدۇ.<br>(قۇرئان 6:142-147 ، 22:36 ) | تۆگە گۆشى يېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تۇيىقى ئىككىگە ئاجرالمىغان. (ئىشەككە ئوخشايدۇ)<br>(لاۋىيلار 11:4، قانۇن شەرھى 14:7) |
| دېڭىزدىكى بارلىق جانلىقلارنى يېيىشكە بولىدۇ.<br>(قۇرئان 5:96 ، 16:14) | دېڭىزدىكى قاسىرىقى ۋە قانىتى بار جانلىقلارنى (مەسىلەن بېلىقنى) يېيىشكە بولىدۇ، ئەمما قاسىرىقى ۋە قانىتى يوق (غەلىتە كۆرۈمسىز) جانلىقلارنى يېيىشكە بولمايدۇ.<br>(لاۋىيلار 11:9،10 ، قانۇن شەرھى 14:9،10) |
| ● قۇرئاندا سابات كۈنى تۈزۈمگە (خۇدا تەۋراتتا بەلگىلىگەن شەنبە كۈنى دەم ئېلىش تۈزۈمگە) ئەمەل قىلمىسا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ.<br>(قۇرئان 2:65 ، 4:154)<br>● قۇرئاندا سابات كۈنى تۈزىمنى ئۇنى تالاش-تارتىش قىلىۋاتقانلار ئەمەل | ● سابات كۈنى (يەنى شەنبىلىك دەمئېلىش كۈنى) مۇقەددەس كۈن بولۇپ، ئادەملەر ھەپتىدە بىر كۈن چوقۇم دەم ئېلىش كېرەك. بۇ تەۋراتتا خۇدا تەرىپىدىن بېكىتىلگەن تۈزۈمدۇر، ئۇنىڭغا چوقۇم ئەمەل قىلىش كېرەك.<br>(مىسىردىن چىقىش 20:8-11 ، 31:12-17 ، نوپۇس سانى 15:30-36 ، قانۇن شەرھى 5:12-15 ) |

| | |
|---|---|
| قىلىشقا تىگىشلىك بولغان تۈزۈمدۇر دەيدۇ.<br>(قۇرئان 16:124)<br>● كىيىن مۇھەممەت جۈمە كۈننى شەنبە كۈننىڭ ئورنىغا دەسسىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەھۇدىلاردىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى نامايەن قىلماقچى بولىدۇ.<br>(بۇخارى ھەدىسلىرى 2:13:1 ، 4:26:693) | ● مەسىھلەر ئەيسا مەسىھنىڭ يەكشەنبە كۈنى تىرىلگەنلىكىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ھەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى يىغىلىپ ئىبادەت قىلغان ۋە بىر كۈن دەم ئالغان، بۇ تەدرىجى مەسىھلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان. غەرپتە پەيدا بولۇپ كېيىن پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىش تۈزىمى مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.<br>● گەرچە مۇھەممەت جۈمە كۈننى ئىبادەت قىلىش كۈنى دەپ ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەپتىدە بىر كۈن چوقۇم دەم ئېلىش كېرەك دەيدىغان تۈزۈمنى بىكىتمىگەن. |
| ئەرلىرى قويۇۋەتكەن ئايال باشقا ئەر بىلەن توي قىلىپ ئاجراشسا، بۇرۇنقى ئېرى ئۇنى يەنە ئەمرىگە ئالسا بولىدۇ. بىر ئەر ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنى قايتا ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئايال چوقۇم باشقا بىر ئەر بىلەن بىر قېتىم توي قىلىپ ئاجرىشىشى كېرەك.<br>(قۇرئان 2:229،230) | ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايال باشقا ئەر بىلەن توي قىلىپ يەنە ئاجراشقان بولسا، بۇرۇنقى ئېرى ئۇنى قايتا ئەمرىگە ئالسا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەخلاقتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خۇدا يامان كۆرىدىغان ئىشتۇر.<br>(قانۇن شەرھى 24:1ـ4 ، يەرەميا 3:1ـ2 ) |
| ● ئەرلەر ھەيز مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشى، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلماسلىقى كېرەك.<br>(قۇرئان 2:222)<br>● ئەمما مۇھەممەت ئاياللىرى ھەيز مەزگىلىدىمۇ ئۇلارنى ئەركىلىتىپ يېقىنچىلىق قىلاتتى.<br>(بۇخارى ھەدىسلىرى 1:6:298،299) | ئەرلەر ھەيز مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا، ئۇنى سىلاشقا بولمايدۇ.<br>(لاۋىيلار 15:19ـ24 ، 19:10 ، 20:18) |
| مۇسۇلمان ئەسكەرلەر جەڭدە ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارغا باسقۇنچىلىق قىلسا بولىدۇ. ئۇ ئاياللارنىڭ ئېرى بولغان تەقدىردىمۇ يەنە شۇنداق قىلىشقا يول | ● ئەگەر ئەسكەرلەر ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇلارنى ئەمرىگە ئالسا بولىدۇ. (قانۇن شەرھى 21:10ـ14 ) |

| | |
|---|---|
| قويۇلىدۇ. (قۇرئان 4:24 ، ھەدىس مۇسلىم 8:298:3371) | ● مۇقەددەس كىتاپتا ئېرى بار ئاياللارنى بۇلاپ تارتىۋېلىش ياكى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئېغىر گۇناھ بولۇپ، قاتتىق جازالىنىدۇ دېيىلگەن. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 2:24 ، 12:14ـ20 ، لاۋىيلار 18:20 ، قانۇن شەرھى 22:22 ، ئىنجىل ـ مەتتا 19:6) |
| جەڭ ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنىڭ دەرەخلەرنى كىسىشگە يول قويىدۇ، بۇ ئارقىلىق دۈشمەنلەرنى ھاقارەتلەيدۇ. (قۇرئان 59:5) | جەڭ ۋاقتىدا ئەسكەرلەرنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنى كىسىشى چەكلىنىدۇ. (قانۇن شەرھى 20:19،20) |

**قۇرئان ئاجايىپ پاساھەتلىك ئەسەرمۇ؟**

● قۇرئان ئۆزىنى ئاجايىپ پاساھەتلىك يېزىلغان ئەسەر دەپ جاكارلايدۇ. قۇرئاندا ئادەملەر ۋە جىنلار بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ قۇرئاندەك پاساھەتلىك ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدۇ دەيدۇ.

(قۇرئان 17:88)

○ ھالبۇكى، قۇرئاندا جىنلارنىڭ سۆزلىرى بار (قۇرئان 15ـ72:1 )، بۇ يوقۇرقى ئايەت بىلەن زىددىيەتلىك.

ئەمىلىيەتتە قۇرئان مۇنداقتۇر:

● قۇرئان ئىچكى قۇرۇلما جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەزمۇنى بۆيىچە بۆلەكلەرگە ئايرىلمىغان، ۋاقىت تەرتىپى بۆيىچە رەتكە تىزىلمىغان، بەلكى قارقۇيۇقلا بىر يەرگە دۆگىلەپ قويۇلغان پارچە ـ پۇرات ئايەتلەرنىڭ توپلىمىدۇر. قۇرئاندىكى ھەرقايسى باب ـ سۇرىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنىڭ مۇقەررەر باغلىنىشى يوق، تىمىسى ئېنىق ئەمەس.

● ئەگەر ھەدىس ياكى قۇرئان شەرھىلىرى بولمىسا، قۇرئاندىكى نۇرغۇن خاتىرىلەرنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا قۇرئان تەپسىرچىلىرى دائىم مۇقەددەس كىتاپ (تەۋرات، ئىنجىل) دىن پايدىلىنىپ قۇرئاننى چۈشەندۈرىدۇ.

● قۇرئاندىكى بەزى بۆلەكلەرنىڭ مەزمۇنى چېچىلاڭغۇ، تەكرارلىنىش ئېغىر. ئايەتلەر

تەرتىپسىز ۋە پارچە-پۇرات بولۇپ، سىستىمىلىق ئەمەس. سۈرە-ئايەتلەر ئوتتۇرسىدا باغلىنىشچانلىق كەمچىل، ھەتتا قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان تىمىدىكى ئايەتلەر بىر يەرگە دۆگىلەپ قويۇلغان. مەسىلەن قۇرئاننىڭ 20-سۈرىسىدە بۇ خىل ئەھۋال ئالاھىدە ئېغىر:

| | |
|---|---|
| 1-7 ئايەتلەر | ئاللانىڭ قۇرئاننى چۈشۈرۈشتىكى ئاساسى مەقستى سۆزلەنگەن. |
| 8-101 ئايەتلەر | توساتتىنلا موسانىڭ ھىكايىسىگە ئۆتۈپ كەتكەن. |
| 102-113 ئايەتلەر | قىيامەتتىكى سوراق ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بايان قىلىنغان. |
| 114-127 ئايەتلەر | تۇساتتىن يەنە ئادەم ئاتىنىڭ ھىكايىسىگە ئۆتۈپ كەتكەن. |
| 128-134 ئايەتلەر | ئىشەنمىگەنلەرنىڭ تەقدىرى ۋە مۇھەممەتنىڭ قىيىنچىلىقلارغا سەۋر-تاقەت قىلىشى توغرىسىدا سۆزلەنگەن. |

- قۇرئاندا گىراماتىكىلىق خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس.
- قۇرئاننىڭ ئاتالمىش پاساھىتى «مۇقەددەس كىتاپ» نىڭ پاساھىتىدىن ئۈستۈن ئەمەس.
- قۇرئاندا، ئەگەر كىشىلەر قۇرئاندىن گۇمانلانسا، ئۇنداقتا ئۇلار قۇرئانغا ئوخشىتىپ بىرەر سۈرىنى ئوتتورغا چىقارسۇن، ئەمما ئادەملەر ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ دەيدۇ.

(قۇرئان 2:23،24 ، 10:38 ، 11:13 ، 52:34 )

- مۇسۇلمانلار مەيلى قۇرئاننى پاساھەتلىك يېزىلغان ئەسەر دەپ قارىسۇن ياكى قارىمىسۇن، ئەمما بىر ئادەمنىڭ گۈزەل پاساھەتلىك ئەرەپچە ئەسەر ياكى شېئىرلارنى ئوتتۇرغا چىقىرالىشى، شۇ ئادەمنىڭ چوقۇم پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

تۆۋەندىكى قۇرئان ئايەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى، ئۇ راستىنلا تەگداشسىز پاساھەتلىكمىكەن:

| قۇرئاندىكى زىددىيەتلىك ھەم تاققا-تۇققا ئايەتلەر |
|---|
| ئۇلار: «ئۇنىڭ رەببىدىن نىمىشقا بىرەر بىشارەت چۈشمەيدۇ؟» دېيىشىدۇ. سەن ئۇلارغا: «ئاللا ھەقىقەتەن بىر خىل بىشارەت چۈشۈرەلەيدۇ» دىگىن. ئەمما ئۇلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بۇنى بىلمەيدۇ. (قۇرئان 6:37) |
| مىنىڭ بىشارىتىمنى ئىنكار قىلغانلار، گاس ھەم گاچىدۇر، قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقتا قالغانلاردۇر. ئاللا كىمنى ئېزىقتۇرماقچى بولسا، شۇنى ئېزىقتۇرىدۇ؛ كىمنى توغرا يولغا كىرگۈزمەكچى بولسا، شۇنى توغرا يولغا كىرگۈزىدۇ. (قۇرئان 6:39) |
| سەن ئۇلارغا دىگىن: «مەن ھەقىقەتەن رەببىمدىن كەلگەن روشەن بىشارەتكە ئاساسلاندىم، ئەمما سىلەر ئۇنى ئىنكار قىلدىڭلار. سىلەر ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇچرايدىغان جازانى مەن توسۇپ قالالمايمەن. بارلىق ھۆكۈمنى ئاللا چىقىرىدۇ. ئۇ ھەقنى جاكارلايدۇ، ئۇ ئەڭ ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.» (قۇرئان 6:57) |
| ئۇلار ئاللانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قاتتىق قەسەملەرنى قىلىشىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا بىر خىل بىشارەت بېرىلگەن بولسا ئىدى، ئۇلار چوقۇم ئىشەنگەن بولاتتى. ئۇلارغا دىگىن: «بارلىق بىشارەتلەر پەقەت ئاللادىدۇر.» سىلەر قانداق بىلىسىلەر؟ بىشارەت كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. (قۇرئان: 6:109) |
| سىلەر ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان، ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ پەرھىزلىرىگە ئەمەل قىلمىغان، ھەق دىننى قوبۇل قىلمىغان ئادەملەر، شۇنداقلا بۇرۇن كىتاپ بېرىلگەنلەر بىلەن جەڭ قىلىڭلار، تاكى ئۇلار بويسۇنۇپ جىزيە (مۇسۇلمان ئەمەسلەر تۆلەيدىغان ئېغىر باج) نى يۈۋاشلىق بىلەن تۆلىگەنگە قەدەر. (قۇرئان 9:29) |
| ئەگەر ئاللا خالىسا، ئۇ چوقۇم سىلەرنى بىر مىللەت قىلغان بولاتتى. ئەمما ئۇ خالىغان ئادەمنى ئېزىقتۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئەمما سىلەر چوقۇم قىلغان ئىشىڭلار ئۈچۈن سوراققا تارتىلىسىلەر. (قۇرئان 16:93) |
| زىنا قىلغان ئەر-ئايالنى، ھەر بىرسىنى 100 قامچىدىن ئۇرۇڭلار. ھەرگىز ئۇلارغا رەھىم قىلىپ ئاللانىڭ جازاسىنى كېمەيتمەڭلار، ئەگەر ئاللا ۋە قىيامەتكە ئىشەنسەڭلار. بىر توپ مۇسۇلماننى ئەۋەتىپ ئۇلارنىڭ جازالىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلغۇزۇڭلار. (قۇرئان 24:2) |
| ئەي ئېتىقاتچىلار! سىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلمىغان ئەھۋالدا، (مۇھەممەت) پەيغەمبەرنىڭ ئۆيىگە كىرمەڭلار؛ تاماق پىشىشتىن بۇرۇنمۇ كىرۋالماڭلار، سىلەرنى |

| |
|---|
| چاقىرغاندا ئاندىن كىرىڭلار؛ تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن دەرھال قايتىڭلار، قورۇق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇۋالماڭلار، بولمىسا پەيغەمبەرنى بىزار قىلىپ قويىسىلەر، ئۇ سىلەرنى ھەيدەشتىن خىجالەت بولىدۇ. ئاللا ھەقنى سۆزلەشتىن نومۇس قىلمايدۇ. سىلەر پەيغەمبەرنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىر نەرسە ئالماقچى بولساڭلار، پەردىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ سوراڭلار، بۇ سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ قەلبى ئۈچۈن تېخىمۇ پاكتۇر. پەيغەمبەرنى تەڭلىكتە قالدۇرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ خوتۇنلىرىنى خوتۇن قىلىپ ئېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ، چۈنكى بۇ ئاللانىڭ نەزىرىدە چوڭ گۇناھتۇر.<br>(قۇرئان 33:53) |
| ئاللا ھەقىقەتەن (مۇھەممەت) پەيغەمبەرگە رەھمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا بەخت تىلەيدۇ. ئەي ئېتىقاتچىلار، سىلەر ئۇنىڭغا بەخت ۋە ئامانلىق تىلەڭلار! ئاللا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى بىزار قىلغانلار بۇ دۇنيادا ۋە ئۇ دۇنيادا ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ، ئاللا ئۇلار ئۈچۈن نومۇسقا قالدۇرىدىغان جازالارنى تەييارلاپ قويۇقلۇق. (قۇرئان 33:56, 57 ) |
| ئۆزىنىڭ رەزىل قىلمىشلىرى بىلەن ئېزىقتۇرۇلۇپ، رەزىللىكنى ياخشىلىق دەپ قارىغانلار، ئاللانىڭ توغرا يولىدا ماڭغانلار بىلەن ئوخشاشمۇ؟ ئاللا خالىغان ئادەمنى ئېزىقتۇرىدۇ، خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. شۇڭا سەن ئۇلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ ئۆزەڭنى ئازاپلىما، ئاللا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى تولۇق بىلىدۇ. (قۇرئان 35:8) |
| بۇ ھەقىقەتەن ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، (قوبۇل قىلىشنى) خالىغان ئادەم، رەبىنىڭ يولىغا بارىدىغان يولنى تاللىيالايدۇ. بىراق ئاللا خالىمىغىچە سىلەر ئۆزەڭلار ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايسىلەر. ئاللا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. (قۇرئان 76:29, 30 ) |
| بىز سىنىڭ كۆڭلۈڭنى كەڭ قىلمىغانمۇ؟ سىنىڭ دۈمبەڭدە بېسىپ تۇرغان يۈكنى يېنىكلەتتۇق، يۈز ئابرويۇڭنى كۆتۈردۇق. قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بولىدۇ، ھەر بىر قىيىنچىلىقتا ئاسانلىق بولىدۇ. سىنىڭ ئىشلىرىڭ ئاياقلاشقاندا، تىرىشىپ رەببىڭدىن تىلىشىڭ كېرەك.<br>(قۇرئان 94) |
| ئەجبا سەن رەببىڭنىڭ پىلىنىڭ ئىگىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ ئۇلارنىڭ پىلانىنى بەربات قىلمىغانمۇ؟ ئۇ توپ-توپ ئۇچار قۇشلارنى ئەۋەتىپ، چالما-كېسەكلەر بىلەن ئۇلارغا ھوجۇم قىلىپ، ئۇلارنى خۇددى قىرقىلىپ كەتكەن ئوت-چۆپكە ئوخشىتىپ قويغانغۇ. (قۇرئان 105) |

| |
|---|
| (ئاللا) قۇرەيشلەرنى قوغداش ئۈچۈن، قىش ۋە يازدىكى سەپەردە ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇلارنى كەبىنىڭ ئىگىسىگە تېۋىنىدۇرگەن، ئۇلارنىڭ ئاچ قالماسلىقى ئۈچۈن يېمەكلىك بەرگەن، ۋەھىمىدە قالماسلىقى ئۈچۈن ئامانلىق بەرگەن. (قۇرئان 106) |
| سەن دىگىن: «ئەي ئىمانسىزلار، سىلەر چوقۇنغانغا مەن چوقۇنمايمەن، سىلەرمۇ مەن چوقۇنغانغا چوقۇنمايسىلەر. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلەرگە، مىنىڭ دىنىممۇ ئۆزەمگە.» (قۇرئان 109) |
| ئوت ئاتىسىنىڭ (ئادەمنىڭ ئىسمى) ئىككى قولى زەخمىلەنگەي، ئۇ چوقۇم زەخمىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئېرىشكەنلىرى ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدىسى يوقتۇر. ئۇ يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتقا تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئوتۇن توشىغان ئايالىمۇ ئوتقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ بوينى ئاغامچا بىلەن باغلىنىدۇ. (قۇرئان 111) |

ئەمدى تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل قاتارلىق مۇقەددەس كىتاپلاردىكى سۆزلەرگە قاراپ باقايلى:

| **مۇقەددەس كىتاپتىكى سۆزلەر** |
|---|
| پەرۋەردىگار مىنىڭ باققۇچىمدۇر، شۇڭا ھېچنىمەم كەم ئەمەستۇر.<br>ئۇ مىنى ياپيېشىل چىملىقلاردا ياتقۇزىدۇ، تىپتىنىچ سۇ بويلىرىغا باشلاپ بارىدۇ.<br>ئۇ مىنىڭ روھىمنى ئويغىتىدۇ، ئۆز نامى بىلەن مىنى ھەققانىيەت يولىدا يىتەكلەيدۇ.<br>ئۆلۈم سايە تاشلاپ تۇرغان قاراڭغۇ جىلغىلاردىن ئۆتكەندىمۇ، خەتەردىن قورقماسمەن،<br>چۈنكى سەن مەن بىلەن بىللىدۇرسەن، سىنىڭ ھاساڭ ۋە تايىقىڭ ماڭا تەسەللىدۇر.<br>سەن دۈشمەنلىرىم ئالدىدا ماڭا داستىخان ھازىرلايسەن،<br>بېشىمنى مايلاپ، قەدىھىمنى لىق تولدۇرىسەن.<br>شۇنداق، پۈتكۈل ھاياتىمدا بەخت ۋە مېھرى-شەپقىتىڭ ماڭا ياردۇر.<br>شۇڭا ئى پەرۋەردىگارىم، سىنىڭ ھوزۇرىڭدا تۇرىمەن ئەبەدىلئەبەد.<br>(زەبۇر 23-پارە) |

قەلبىم ئۆرتىنىدۇ، يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئازاپلىنىدۇ.
مەن نەقەدەر ھاماقەت ۋە نادانىدۇرمەن، ئالدىڭدا خۇددى ھايۋانغا ئوخشايمەن.
ئەمما مەن يەنىلا سەن بىلەن بىرگە بولىمەن، سەن ئوڭ قولۇمنى تۇتۇپ ماڭىسەن.
نەسىھەتىڭ بىلەن مېنى يېتەكلەپ، شان-شەرىپىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىسەن.
ئەرشتە سەندىن باشقا كىمىم بار، يەر يۈزىدە سەندىن باشقا نىمە خۇشلۇقۇم بار.
تېنىم ۋە ئىچ باغرىم ھامان زەئىپلىشىدۇ، ئەمما خۇدا مەڭگۈ مېنىڭ روھى مەدەتكارىم ۋە بەختىمدۇ.
سەندىن ئايرىلغانلار ھامان ھالاك بولىدۇ، سەندىن يۈز ئۆرىگەنلەرنى مۇقەررەر گۇمران قىلىسەن.
ئەمما مېنىڭ خۇداغا يېقىن تۇرۇشۇم نەقەدەر ياخشى ئىش ھە،
مەن چوقۇم پەرۋەردىگارنى باشپاناھ قىلىمەن، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى خەلقئالەمگە جاكارلايمەن.
(زەبۇر 28-73:21 )

ئى قەلبىم، خۇدانى مەدھىيىلىگىن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ مۇقەددەس نامىنى مەدھىيىلىگىن.
ئى قەلبىم، خۇدانى مەدھىيىلىگىن، ئۇنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغىن.
ئۇ پۈتۈن گۇناھلىرىڭنى كەچۈرىدۇ، بارلىق كىسەللىرىڭنى ساقايتىدۇ.
ئۇ ھاياتىڭنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ، ساڭا مېھىر-شەپقەت تاجىنى كەيدۈرىدۇ.
ئۇ قۇت-بەخت بىلەن ھاياتىڭنى توشقۇزىدۇ، سېنى بۈركۈتتەك قايتا ياشارتىدۇ.
پەرۋەردىگار ھەققانىيەتنى يۈرگۈزىدۇ، ئېزىلگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلايدۇ.
ئۇ مۇساغا توغرا يولنى كۆرسەتكەن، ئىسرائىللارغا ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلغان.
پەرۋەردىگار مېھرى-شەپقەتلىكتۇر، ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيدۇ، ناھايىتى رەھىمدىلدۇر.
ئۇ بىزنى داۋاملىق ئەيىپلىمەيدۇ، غەزىپىمۇ مەڭگۈلۈك بولمايدۇ.
ئۇ بىزنى گۇناھكارلاردەك بىر تەرەپ قىلمايدۇ، قىلغان گۇناھلىرىمىزغا لايىق جازا بەرمەيدۇ.
ئاسمان زىمىندىن قانچىلىك ئېگىز بولسا، ئۇنىڭ مۆمىن بەندىلىرىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتىمۇ شۇنچىلىك چوڭقۇر بولىدۇ.

شەرق غەرپتىن قانچىلىك يىراق بولسا، ئۇ گۇناھلىرىمىزنىمۇ بىزدىن شۇنچىلىك يىراققا ئېلىپ كىتىدۇ.
ئاتا پەرزەنتلىرىگە قانچىلىك مىھرىبان بولسا، پەرۋەردىگارمۇ مۆمىن بەندىلىرىگە شۇنچىلىك مىھرىبان بولىدۇ.
چۈنكى ئۇ تىنىمىزنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلىدۇ، بىزنىڭ پەقەتلا بىر ئوچۇم توپا ئىكەنلىكىمىزنى ياد ئىتىدۇ.
ئىنسانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆمرى خۇددى ئوت-چۆپكە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ گۈللىنىشىمۇ خۇددى دالىدىكى گۈل-گىياھلارغا ئوخشايدۇ.
ئۇلار شامالنىڭ ئۇچۇرىشى بىلەن ھامان توزۇپ يوقايدۇ، ئەسلى ماكانىمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ.
ئەمما خۇدانىڭ مىھرى-مۇھەببىتى ئەبەدىل-ئەبەدكە ئىخلاسمەن بەندىلىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ.
ئۇنىڭ ھەققانىيىتىمۇ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ساقلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ئەھدىسىگە سادىق بولۇپ، ئەمرلىرىنى يادىدا چىڭ تۇتقان ۋە ئەمەل قىلغانلارغا چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.
پەرۋەردىگار ئەرشتە ئۆز تەختىنى تىكلەپ، پۈتكۈل ئالەمدىكى مەۋجۇداتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.
ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، كۈچلۈك پەرىشتىلەر خۇدانى مەدھىيلەيدۇ.
بارلىق قوشۇنلار، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ خۇرسەن قىلىدىغانلار، خۇدانى مەدھىيلەيدۇ.
ئۇ ياراتقان بارلىق مەۋجۇداتلار، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق جايلار، ھەممىسى خۇدانى مەدھىيەلەيدۇ.
ئى مىنىڭ قەلبىم، سەنمۇ خۇدانى مەدھىيلىگەيسەن !
(زەبۇر 103-پارە)

ئۆزىنىڭ خۇداغا مۇھتاجلىقىنى تونۇپ يەتكەنلەر نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى ئەرشنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭدۇر.
قايغۇرغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى خۇدا ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ.
مۇلايىم بولغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى يەر يۈزىگە مىراسخوردۇر ئۇلار.
ھەققانىلىققا ئىنتىلىدىغانلار نەقەدەر بەختلىك،

چۈنكى خۇدا ئۇلارنى تولۇق قانائەتلەندۈرىدۇ.
باشقىلارغا رەھىمدىل بولغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى خۇدا ئۇلارغا رەھىمدىلدۇر.
قەلبى پاك بولغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى ئۇلار خۇدانى كۆرىدۇ.
تىنچلىق ئورناتقۇچىلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى خۇدا ئۇلارنى پەرزەنتىم دەيدۇ.
خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار نەقەدەر بەختلىك،
چۈنكى ئەرشنىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭدۇر.

مەن ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاقارەت، زىيانكەشلىك ۋە تۆھمىتىگە ئۇچرىساڭلار، نەقەدەر بەختلىكسىلەر. شاد-خۇرام بولۇڭلار، چۈنكى ئەرشتە سىلەر ئۈچۈن كۆپ ئىنئام ساقلانماقتا. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرمۇ شۇنداق زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىغان ئىدى.

(ئىنجىل-مەتتا 5:3-12)

---

ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئالغانلار، مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار! مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي. مۇلايىم ۋە كەمتەرمەن، شۇڭا مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمغا كىرىپ، مەندىن ئۆگىنىڭلار! شۇنداق بولغاندا، كۆڭلۈڭلار ئارام تاپىدۇ. مېنىڭ بويۇنتۇرۇقۇمدا بولۇش ئاسان، تەلىپىم ئېغىر ئەمەس.

(ئىنجىل-مەتتا 11:28-30)

---

ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

- سىلەرگە مەلۇمكى، بۇ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلار خەلققە خوجا بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ. ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرىدۇ. بىراق سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنداق ئىش بولمىسۇن. سىلەردىن كىم چوڭ مەرتىۋىلىك بولۇشنى خالىسا، ئۇ باشقىلارغا خىزمەت قىلسۇن. كىم باش بولماقچى بولسا، ئۇ باشقىلارنىڭ قۇلى بولسۇن. ئىنسانئوغلىمۇ باشقىلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغىلى ئەمەس، باشقىلارغا خىزمەت قىلغىلى ۋە جېنىنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى گۇناھتىن ئازاد قىلغىلى كەلدى.

(ئىنجىل-مەتتا 20:25-28)

بىر كەمبەغەل تۇل ئايال كېلىپ، (ئىبادەتخانىنىڭ ئىئانە ساندۇقىغا) بىر نەچچە تىيىن قىممىتىدىكى ئىككى تەڭگىنى تاشلىدى. ھەزرىتى ئەيسا شاگىرتلىرىغا مۇنداق دېدى: بىلىپ قويۇڭلاركى، بۇ نامرات تۇل ئايالنىڭ ئىئانىسى خۇدانىڭ نەزىرىدە ھەممەيلەننىڭكىدىن كۆپ. چۈنكى باشقىلار ئۆزىنىڭ ئاشقان بايلىقىنى ئىئانە قىلدى. لېكىن بۇ ئايال نامرات تۇرۇقلۇق، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىغان بارلىقىنى ئىئانە قىلدى.

(ئىنجىل ـ ماركوس 12:42 ـ 44 )

---

ھەزرىتى ئەيسا ئۇلارغا مۇنداق تەمسىل سۆزلەپ بەردى:

- ئەگەر ئىچىڭلاردا بىرەيلەننىڭ يۈز توياق قويى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىرى يوقىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ جەزمەن قالغان 99 قويىنى ئوتلاقتا تاشلاپ، ھېلىقى يوقالغان قويىنى تېپىۋالغىچە ئىزدىمەمدۇ.

(ئىنجىل ـ لۇقا 15:3،4 )

---

ياخشى قويچى ئۆزۈمدۇرمەن. مەن ئۆز قويلىرىمنى تونۇيمەن، ئۇلارمۇ مېنى تونۇيدۇ.

(ئىنجىل ـ يۇھاننا 10:14 )

---

جېنىمنى ھېچكىم ئالالمايدۇ، مەن ئۇنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پىدا قىلىمەن. مەن ئۇنى بېرىشكە ۋە قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇقمەن. خۇدا ئاتام ماڭا شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇغان.

(ئىنجىل ـ يۇھاننا 10:18)

---

مېنىڭ قويلىرىم گېپىمنى ئاڭلايدۇ، مەن ئۇلارنى تونۇيمەن، ئۇلارمۇ ماڭا ئەگىشىدۇ. مەن ئۇلارغا مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئاتا قىلىمەن. ئۇلار مەڭگۈ ھالاك بولمايدۇ. ھېچكىم ئۇلارنى قولۇمدىن تارتىۋالالمايدۇ.

(ئىنجىل ـ يۇھاننا 10:27،28)

مېھرى-مۇھەببەت سەۋر-تاقەت ۋە مېھرىبانلىقتۇر. مېھرى-مۇھەببەتتە ھەسەتخورلۇق بولمايدۇ، ماختانچاقلىق ۋە تەكەببۇرلۇقمۇ بولمايدۇ. مېھرى-مۇھەببەت ئۇياتلىق ئىشلارنى قىلمايدۇ، شەخسى مەنپەئەتنى كۆزلىمەيدۇ، ئاسانلىقچە غەزەپلەنمەيدۇ، باشقىلارغا ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. مېھرى-مۇھەببەت ناھەقچىلىكنى ياقتۇرمايدۇ، بەلكى ھەققانىيەتتىن خۇرسەن بولىدۇ. مېھرى-مۇھەببەت ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدۇ، ھەممىگە ئىشەنچ بىلەن قارايدۇ، ھەممە ئىشتا ئۈمىدۋار ۋە چىداملىق بولىدۇ.

(ئىنجىل-كورىنتلىقلار يېزىلغان بىرىنچى خەت 7-13:4 )

خۇدا پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىنى ۋە ھەقىقەتنى تونۇشىنى خالايدۇ.

(ئىنجىل-تىموتىغا يېزىلغان بىرىنچى خەت 2:4)

**ئىنجىلدىن روھى ئوزۇق ئالغان مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىمۇ قۇرئاندىكى «پاساھەتلىك سۆزلەر ۋە تەلىملەر» دىن قېلىشمايدۇ.**

ئى خۇدا، مىنى ئۆزۈڭنىڭ تىنچلىق ئوغلى قىلغىن !

ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان جايلارغا مېھرى-مۇھەببەت ئۇرۇقۇڭنى چاچاي،

ئاداۋەت يارىسى بىلەن تولغان جايلارغا كەچۈرۈمچانلىق ئۇرۇقۇڭنى چاچاي،

گۇمان بىلەن تولغان جايلارغا ئىشەنچ ئۇرۇقۇڭنى چاچاي،

ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان جايلارغا ئۈمۈد ئۇرۇقۇڭنى چاچاي،

قاراڭغۇ زۇلمەت بىلەن تولغان جايلارغا پارلاق نۇرۇڭنى چاچاي،

ئازاپ-ئۇقۇبەت بىلەن تولغان جايلارغا خۇشاللىق ئۇرۇقۇڭنى چاچاي.

ئى ئۇلۇغ رەببىم، ماڭا مەدەت بەرگىن !

ئۆزۈمدىن كۆرە،

باشقىلارغا تېخىمۇ كۆپ تەسەللى بېرەي،

باشقىلارنى تىخىمۇ كۆپ چۈشىنەي،

باشقىلارنى تېخىمۇ كۆپ سۆيەي.

چۈنكى،

ئالغاندىن بەرگەن بەختلىك،

كەچۈرسەك كەچۈرىلىمىز،

جاندىن كەچسەكمۇ، يەنىلا مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىمىز.

ئامىن !

«سان فرانسىسكونىڭ دۇئاسى»

(سان فرانسىسكو 1182-يىلى ئىتالىيەنىڭ ئاسسىيە شەھرىدە تۇغۇلغان. 1224-يىلى ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپ تىنىنىڭ بەش يېرىگە روشەن ئىز قالدۇرۇپ قويغان. كېيىن ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى تارقىتىش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان.)

---

خۇدا ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. خۇدا مۇتلەق مېھرى-مۇھەببەت بىلەن ئادەمنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشكە بىۋاستە ياردەم قىلمايدۇ. شۇڭا تەكەببۇر ئادەمنىڭ كەمتەرلىششى، خۇدانىڭ ئىنسانىي ئۆزگەرتىشتىكى تۇنجى قەدىمىدۇر.

بىز دائىم شۇنى ھىس قىلىمىزكى، مۇشەققەتلىك بىرەر ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئەڭ ئاخىرقى بىردىنبىر ئامال، ئۇنى خۇداغا تاپشۇرۇشتۇر.

ھەقىقىي ئېتىقات ئىنسان تەبىئىتىنى چىن دەپ قارايدۇ، ساختا ئېتىقات بولسا ئۇنى مەۋھۇم نەرسە دەپ كۆرسىتىدۇ.

خۇدانى تونىسىمۇ ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونىماسلىق بىلەن ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونىسىمۇ خۇدانى تونىماسلىق ئوخشاشلا خەتەرلىكتۇر. شۇڭا خۇدا ئالدىدىكىسىدىن ئۆزىنى يوشۇرىدۇ، كېيىنكىسىگە ئۆزىنى نامايەن بولىدۇ.

ئىنسان نەقەدەر پۇچەك ئاجىز ھە! ئۇ زىغىرچىلىك ئىشلارغا ئازاپلىنىدۇ، يەنە شۇ زىغىرچىلىك ئىشلار ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كىتىدۇ.

(خۇدادىن كەلگەن ھەقىقى) ئەقىل-پاراسەت بىزنى يېتەكلەپ قايتىدىن باللارغا ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. (خۇددى باللارغا ئوخشاش تەبىئي، ئاق كۆڭۈل، سەممىي، كەمتەر، مۇلايىم، خۇشال ... )

ھوقۇققا ئېرىششىنىڭ ئۇسۇلى، ئەگەر ئاممىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۆلارنىڭ قىزىقىشى ئۈچۈنلا بولسا، ئۇنداقتا ھوقۇق قانچە كۆپ بولغان يەردە دۇرۇس ئادەمنى تېپىشمۇ شۇنچە تەس بولىدۇ.

جامائەت پىكرى گەرچە ھاكىمىيەتكە ئوخشاش جاھاننى سورىيالمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاكىمىيەتنى نازارەت قىلالايدۇ.

خاتا ھالدىكى ئىخلاسمەنلىك ھەقىقەتنى ئەمەس بەلكى تىنىچ-ئامانلىقنىلا قوغلىشىدۇ، ياكى مېھرى-مۇھەببەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ھەقىقەتنىلا قوغلىشىدۇ.

ئادەمنى ئېتىقاتتىن چەتنىتىدىغان ئىككى ئاساسلىق سەۋەپ: بىرسى، ئايەتلەرنىڭ يۈزەكى مەنىسىگە زىيادە ئېسىلىۋېلىش؛ يەنە بىرسى، ھەممە ئىشنى روھقا باغلاپ زىيادە سىرلىقلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈش.

« **pensees** » (پاسكال ئىدىيىلىرى)

(پاسكال، 1623-يىلى فىرانسىيەدە تۇغۇلغان، ئىنسانىيەت ئىلىمپەن تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇلۇغ ئالىم، ماتىماتىكاشۇناس، فىزىكاشۇناس، پەيلاسوپ، شۇنداقلا ئىخلاسمەن مەسىھ ئېتىقاتچىسى. )

ساقلاپ قالغىلى بولمايدىغان نەرسىلەردىن ۋاز كىچىپ، مەڭگۈ يوقۇتۇپ قويۇشقا بولمايدىغان نەرسىگە ئېرىشكەن ئادەم ھەرگىز ئەخمەق ئەمەس.

- Jim Elliot

(جىم ئىللىيوت، 1927-يىلى ئامىرىكىدا تۇغۇلغان، 1956-يىلى ئۆزىنىڭ ئامىرىكىدىكى ياخشى تۇرمۇشىنى تاشلاپ، ئىكۋاتوردىكى ئىپتىدائى قەبىلە ئوكالارغا خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېرىپ شىھىت بولىدۇ. كىيىن ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئوكالار ئارىسىغا بېرىپ داۋاملىق خۇش خەۋەر تارقىتىدۇ. ئوكا قەبىلىسى بۇ ئايالنىڭ باتۇرلىقىدىن تەسىرلىنىدۇ، ئۇلار ئىنجىلدىن خۇدانىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى كۆرۈپ يىتىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا جىم ئىللىيوتنىڭ نىمە ئۈچۈن يېنىدا مىلتىق تۇرۇپمۇ ئۆزلىرىگە ئوق چىقارمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ چاغدىلا ئاندىن چۈشىنىدۇ. ئۇلار كۆز يىشى قىلىپ تۇرۇپ خۇدانى قوبۇل قىلىدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق گۇناھكار ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش روھى، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئۇسۇل ۋە قۇدرەت بىلەن ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانى يەنە بىر قىتىم نامايەن بولىدۇ. )

ھىچكىم بىزنى ئەيسا مەسىھنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. ھەرقانداق قىيىن ئەھۋال، جاپا-مۇشەققەت، زىيان-زەخمەت، ئاچ-يالىڭاچلىق ۋە خىيىم-خەتەر، ھەتتا قىلىچ-توقماقمۇ بىزنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. گەرچە بىز خۇددى قۇربانلىق قىلىنىدىغان قوزىلاردەك ئۆلۈم گىردابىدا تۇرساقمۇ، ئەمما بىزنى

سۆيدىغان خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىدىن پۈتۈنلەي غەلىبە قىلىمىز. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ئۆلۈم ياكى ھاياتلىق بولسۇن، پەرىشتىلەر ياكى جىن-شاياتۇنلار بولسۇن، ھازىرقى ياكى كەلگۈسىدىكى ھەرقانداق ئىشلار بولسۇن، ياكى روھلار دۇنياسىدىكى ھەرقانداق كۈچلەر بولسۇن، ياكى ئالەمدە يارىتىلغان ھەرقانداق شەيئى بولسۇن، مەيلى بىز ئېگىز ئاسماندا ياكى چوڭقۇر ھاڭنىڭ تېگىدە بولايلى، ھېچكىم بىزنى خۇدانىڭ رەببىمىز ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق ئاتا قىلغان مېھرى-مۇھەببىتىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ!

«پاۋلۇس-رىملىقلارغا يېزىلغان خەت 8:35-39»

(پاۋلۇس، ئەسلى ئىنتايىن جاھىل يەھۇدىي دىنى مۇرتى بولۇپ، باشتا مەسىھ ئېتىقاتىغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرغان. ئەيسا مەسىھ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا نۇرغۇن زىيانكەشلىكلەرنى قىلغان. ئەمما كېيىن دەمەشىققە كېتىۋاتقان يولدا ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا غايىپتىن كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتكەن. پاۋلۇس كېيىنكى ئۆمرىنى ئەيسا مەسىھ توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى تارقىتىشقا بېغىشلايدۇ. ئۇ خۇش خەۋەر تارقىتىش يولىدا نۇرغۇن جەبىر-مۇشەققەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، ئەمما ئېتىقاتىدىن قەتئىي يانمايدۇ ۋە ئاخىرى بۇ يولدا شېھىت بولىدۇ.)

**قۇرئاننىڭ «پاساھەتلىك؟» بولۇشى، ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالامدۇ؟**

- قۇرئان دۇنيادىكى ئەڭ پاساھەتلىك يېزىلغان ئەسەر بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە:

○ مۇھەممەت بۇ دەلىلنى ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئەگەشكەنلەر ئىنتايىن ئاز ئىدى.

○ كېيىن مۇھەممەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇرۇش قوزغاش، بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش قاتارلىق زوراۋانلىق ئۇسۇلىنى قوللانغاندىن كېيىن، ئاندىن نۇرغۇن ئادەم ئىسلامغا كىرىشكە باشلايدۇ.

- قۇرئاننى ئىسىل ئەسەر دېيىشكە بولمايدۇ.

○ مۇھەممەت مەككىدە دىن تارقىتىۋاتقاندا، نادار ئىسىملىك بىر ئەرەپ شائىرى بار بولۇپ، دائىم ئۇنىڭغا ئەگىشىۋالاتتى. ھەر قېتىم مۇھەممەت قۇرئاننى قىرائەت

قىلغاندا، نادار ئۇرنىدىن تۇرۇپ: «مىنىڭ شېئىرلىرىم بۇنىڭدىن كۆپ ياخشى» دەيتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ شىئېرلىرىنى ئوقۇپ، كۆپچىلىكتىن: «مۇھەممەتنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ قەيىرى مېنىڭكىدىن ياخشى» دەپ سورايتى. بۇنىڭغا مۇسۇلمانلار جاۋاپ قايتۇرالمايتى.

○ كېيىن مۇسۇلمانلار چىدىماسلىق قىلىپ نادارنى ئۆلتۈرۈۋىتىدۇ.

● قۇرئان ئۆزىنى «مۇبىن» (روشەن،ئۇچۇق) دېيىش ئارقىلىق، خۇدادىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ، ئەمما:

○ قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئايەتلەرنىڭ ھەر خىل چۈشەندۈرۈلۈشلىرى بار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئون نەچچە خىل چۈشەندۈرۈش ۋە شەرھىلىرى بار.

○ قۇرئاندىكى بەشتىن بىر قىسىم ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى روشەن ۋە ئۇچۇق ئەمەس، ئۇلارنى چۈشەنمەك ئىنتايىن تەس.

○ نۇرغۇن باب (سۈرە) لەرنىڭ ئالدىدا، «ئالىف، لام، را» دىگەندەك ھەرپلەر بار بولۇپ، ئوخشىمىغان نوسخىدىكى قۇرئانلاردا بۇلارغا ئوخشىمىغان چۈشەندۈرۈشلەرنى بەرگەن. يۇسۇپ ئەلىنىڭ تەرجىمە نوسخىسىدا: «بىز بۇ ھەرىپلەرنىڭ نىمە مەنا بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، بەلكىم سىھرى كۈچكە ئىگە بولغان سىرلىق ھەرپلەر بولىشى مۇمكىن» ـ دەيدۇ. دىمەك بۇ ھەرپلەرنىڭ نىمە مەنا بېرىدىغانلىقى روشەن ۋە ئۇچۇق ئەمەس بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدۇ.

○ ئەلى داشت ئۆزىنىڭ «23 يىل» (قۇرئان نازىل بولغان 23 يىل) دىگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەرنى چۈشەنمەك ئىنتايىن تەس، بەزى جۈملىلەر مۇكەممەل ئەمەس، ئەگەر تەپسىرلىرى (شەرھىلىرى) بولمىسا، تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە چەتئەل تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر، ئەرەپ تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلمەيدىغان مەنىسىنى بىكىتكىلى بولمايدىغان سۆزلەر مەۋجۇد. بەزى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنتايىن بىنورمال. سۈپەت ئىبارىلىرىنىڭ جىنس ۋە بىرلىك ـ كۆپلۈك شەكلى جۈملىدىكى باشقا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بىلەن ماسلاشمايدۇ. ئالماش سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس بولۇپ، گىراماتىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ نىمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. قاپىيىداش ئايەتلەردىكى ئىگە بىلەن خەۋەر ماسلاشمىغان، سۆز ـ جۈملىلەر راۋان ئەمەس. ئەلى داشت بۇلارغا نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسەتكەن.

● ئابدۇللا ئىبىن ساھاب مۇھەممەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كاتىپى بولۇپ، ئۇمۇ قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىدىن گۇمانلانغان.

o مۇھەممەت قۇرئاننى قىرائەت قىلغاندا، ئىبنى ساھاب ئايەتلەرنى خاتىرلىۋالاتتى، بۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەممەتكە تەكلىپ-پىكىر بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان.

o قۇرئان 23-سۈرە 14-ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى «ئاللاغا مەدھىيىلەر بولسۇن، ئۇ ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى» دىگەن سۆزنى ئەسلى كاتىپ ئابدوللا قوشۇپ قويغان. ئەمما قۇرئان رەتلىنىپ كىتاپ بولغان چاغدا بۇ سۆزلەرمۇ قۇرئانغا كىرگۈزۈلۈپ قويۇلغان.

o ئابدۇللا ئىبنى ساھاب كېيىن ئىسلامدىن ئايرىلىپ كىتىدۇ، چۈنكى ئۇ قۇرئاننىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىگە، مۇھەممەتنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ.

o ئەگەر قۇرئان راستىنلا خۇدانىڭ روشەن مۆجىزىسى بولسا، ئۇنداقتا مۇھەممەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كاتىپى، قۇرئاننى بىۋاستە خاتىرلىگۈچى بۇنى بىلەلىشى كىرەك ئىدى.

o گەرچە كېيىن ئۇ ئىسلامغا قايتا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ سەۋەبى، مۇھەممەت قوشۇن توپلاپ مەككىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزگە ئىشەنمىگەنلەرنى قىرىپ تاشلاشنى بۇيرۇيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ دەسلەپكى ئاشۇ كاتىپىمۇ بار ئىدى. بىراق مۇھەممەتنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كىچىشنى تىلەپ تۇرۇۋالغاچقا، مۇھەممەت ئەگەر ئابدۇللا ئىسلامغا قايتا كىرسە ئۇنىڭ جېنىنى ئالماسلىققا قوشۇلىدۇ. ئابدۇللا ئىبنى ساھاب مانا مۇشۇنداق زوراۋانلىق ۋە بېسىم ئاستىدا قايتىدىن ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

(يوقۇرقى تارىخى ماتىرىياللارنى 9-ئەسىردە ياشىغان ئىسلام تارىخچىسى ئىبنى قۇتەيبى خاتىرلەپ قويغان)